زوردۇن سابىر

# ساداقەت



مىللەتلەر نەشرىياتى

2

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

زوردۇن سابىر

# ساداقەت

مەسئۇل مۇھەررىر: خوجا ئابدۇللا ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى

## مۇندەرىجە

غەزنە ........................................ 1
ناخشىچى ........................................ 31
مېھرىۋان ئاتا ........................................ 58
خوشنىلار ........................................ 117
ساداقەت ........................................ 148

# غەزنە

## 1

ئۇ ئۆيىگە كۈلگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ يول بويى ئايلىنى ئۆزدىمۇ، پىيادە كېتىۋېتىپمۇ كۈلكىسىنى يوشۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنى كىشىلەردە گۇمان پەيدا قىلغان بۇ كۈلكىسى بىلەن ئەمدى ئۇ ئايىلىنى خۇشال قىلدى-دە، ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى.

ئايىلى ئېرىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ مىجەزىنى بەلگىلەشكە ئادەتلەنگەن ئىدى. ئېرى كۈلگەن ئىكەن، دېمەك، ئۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشى لازىم. چۈنكى ئېرىنىڭ خۇشاللىقى ۋە خاپىلىقىغا شېرىك بولۇش ئۇنىڭ بۇرچى. ئايال بۇرچىنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنلىدى. قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئېرىنى كۈلۈش ۋە مەسئۇلى-يەتلىرىنى ئورۇنلىدى؛ ئېرىنىڭ پەلتوسى، كېپكە ۋە كاۋىشلىرىنى ئېلىپ جاي-جايىغا ئاستى-دە، پەلتۇسىنى بىر پىيالە ئىسسىق چاي ئەكىلىپ دىۋان شىرەسىگە قويدى. ئاندىن كېيىن قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ، ئېرىگە زوقلىنىپ قارىدى.

ئېرى ئۆزىچىلا بېشىنى ئىغىتىپ كۈلەتتى، بارغانچە چىرايىنى تۈزگەرتىپ، سۈرلۈك تۈسكە كىرەتتى ۋە يەنە كۆز قىيىۋالا-

لىرىدا قويۇق سىزىقلارنى، ئىككى قوۋۇزىدا چوڭقۇر ئويمانلارنى پەيدا قىلىپ، تۈرۈلۈپ كۈلەتتى.

— كۈلۈڭ، — دېدى ئايلى ئېرى بىلەن تەڭلا ۋە ھىچنەر-سىنى چۈشەنمەيلا كۈلۈپ، — كۈلۈپلا يۈرۈڭ، ئىشتىن دائىم مانا مۇشۇنىداق خوشال قايتىڭ، تۇرمۇشنىڭ يولىمۇ شۇ، خوشال-خورام يۈرۈڭ، سىزنى يەنە ئۇستۇرگەن ئوخشايدۇ-دە، ھەق بوپتۇ. بىرىنچىسى بولدىڭىزمۇ، يا مۇئاۋىنىمۇ؟ — ئايال ئېرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

— ھەي دىلارا، سەن تېخىلا مەنسەپ تاماسىدىمۇ؟ ئېيتقىنا، مەنسەپدار بولۇش بەختلىك بولغانلىقمۇ؟

— بولمىسچۇ؟ — دىدى ئايال قورۇق چۈشكەن بولسىمۇ لېكىن تېخى گۈزەللىگىنى يوقاتمىغان چىرايىنى سۈزۈشتۈرۈپ، — بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ چۈشەنچىسىغۇ...

— ھا ھا ھا!...— ئەر قاتتىق كۈلدى، — گېپىڭنى قارا دىلارا، مەن بەختنى شۇنچىلىك تار مەنىدە چۈشەنگەنمىدىم؟ بەختنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئادەم ئۇنى توغرا تەرىپلەشنىمۇ بىلىدۇ. دىلارا، بىلىپ قوي، بەخت دىگەن نام قالدۇرۇش، ئۆلمەس نام قالدۇرۇش!

— مۇنداق دەڭ سېپىتوۋ! — دىدى دىلارا خانىم ئېرىنىڭ كاستۇمىدىكى چاڭنى بارمىغى بىلەن چېكىپ تۇرۇپ، — ئەلۋەتتە، سىزنىڭ نامىڭىز خەلق ئاغزىدا مەڭگۇ قالالايدۇ.

— ئېغىزدا ئەمەس، مانا مانداق گېزىتتە، كىتاپلاردا قالسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە بازىرى

بولدۇ، — دېدى سېيىتوۋ گېزىتىنى شىرەگە يېيىپ، — ئوقۇ، ئوقۇغىنا!

ئايال ئىنچىكە قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويۇپ، گېزىتتىكى ماۋزۇنى ئوقۇدى:

— «ئىسلامىيەت ۋە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى»، پاھ! يېپ-يېڭىلا گەپقۇ، يازغۇچىسىنىڭ ئىسمىمۇ ھەم ئاجايىپ ئىكەنا، "بەھرام سەئىدى"، بۇ كىمدۇ؟

سېيىتوۋ قولىنى ئايىلىنىڭ مۈرىسىگە تاشلىدى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— دىلارا، ھەي ئەخمەق، قارا سېنىڭ نادانلىقىڭنى، لېكىن سەنسىزە، دۇنيادىن نادان ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايسەن، يەنە ئوقۇغىنا، بۇ كىمدۇ؟

— بەھرام سەئىدى! — ئايىلى ئۈچ قېتىم ئوقۇدى ۋە تەگقىسلىكتە بېشىنى چايقىدى:

— راستلا ئېسىمگە ئالالمىدىم سېيىتوۋ. بۇ زادى كىم؟

— ھەي نادان، ھەي نادان، بۇ مەن، بۇ سېنىڭ ئېرىڭ!

— نىمە؟ بۇ سىز؟ مەن سىزنى تونۇغاندىن بېرى سېيىتوۋ دەپ بىلەتتىم، 60-يىلدىن كېيىن سى جۈيجاڭ، سى شۇجى، سى فۇبۇجاڭ... بولۇپ كەلگەنتىڭىزغۇ. بۇ تەس ئىسمىنى نەدىن تېپىۋالدىڭىز؟

— مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم نىمىدى؟

— رەھمەتى قېيناتام سىزنى بەكرى، بەكرەم دەيتتى، راست!

— ھە، ئەمدى تاپتىڭ، مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم بەكرى، بۇنىڭ ئەرەپچە ئېيتىلىشى بەھرى — دەريا دېگەن بولىدۇ. بۇ ئىسمنى تارىخىي سۈپەت بىلەن ئاتىغاندا بەھرام بولىدۇ. بەھرام كىم، بىلەمسەن؟ بىلمەيسەن. نامى مەشھۇر پەرھاتنىڭ ئاكىسى... دادامنىڭ ئېيتى سېيىت، بۇ ئىسمنىمۇ ئۇز تەلەپپۇزى بىلەن ئېيتقاندا سەئىدى بولىدۇ. بۇ كىم؟ بىلمەيسەن. «گۈلىستان» دېگەن ئۇلمەس ئەسەرنىڭ ئاپتورى، نامى ئۇلمەس شائىر سەئىدى.①

— پاھ سېيىتوۋ، ھە، راست، سەئىدى، سىزنىڭ بىلىمىڭىز ناھايىتى چوڭقۇر. مەن نەدىن بىلەي بۇ گەپلەرنى، بۇ گەپكە قارىغاندا، بۇ ماقالا سىزنى ئۇستۇرىدىغان ماقالىكەن-دە، تەبرىكلەپ ئادەملەر كېلىشەر بەلكى، قاراڭ سەئىدى، ئەمدى ئۇسىڭىز ئازادە بىر ئۆي تەلەپ قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، تارچىلىقتىن تويۇپ كەتتىم...— ئايال ئېرىگە بېشىنى يېقىن قىلدى.

— بولىدۇ دىلارا! چوڭجاڭ، بۇجاڭ بولۇشنىڭ لەززىتى قالمىدى، بۇ مەنسەپ بىلەن قەشقەر، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قۇمۇل... ئېشىپ كەتسە بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگىلا بارالايسەن، لېكىن، دوكتۇر، ماگىستىر، پىروفېسسور، ئاكادېمىك بولۇۋالى-

①"بەكرىنىڭ ئەرەپچە ئېيتىلىشى بەھرى"، "«گۈلىستان»نىڭ ئاپتورى سەئىدى"...دېگەن گەپلەر بۇ شەخسنىڭ بۇ ھەقتىكى ساۋاتسىزلىقىنىلا بىلدۈرىدۇ. ئەرەپچىدە "بەكرى"، "بەھرى" دېگەن ئىسمنىڭ ئىككىلىسى بار. «گۈلىستان»نىڭ ئاپتورى "سەئىدى" ئەمەس، "سەئدى". — تەھرىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساڭچۇ؟ نيۇ ـ يورك، توكيو، لوندون، بېرلىن، پارىژ... دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىگە بارالايسەن، بۇ ناملار ساڭا قانات بولالايدۇ... مەن ئۇز ۋاقتىدا ئەخمىدىلەر بىلەن مەدرىستە كونا ئەدىبىياتنىمۇ ئوقۇغان ئىدىم، كادىر بولغاندىن كېيىنمۇ كونا ئەسەرلەرنى يوشۇرۇن ئوقۇپ يۈردۈم. خوتۇن، ساڭا ئېيتىمىغىنىم بىلەن، مەن كىلاسسىك ئەدىبىياتقا، تارىخقا بەك قىزىققان، بۇ ساھەدە ئانچە ـ مۇنچە بىلىممۇ توپلىغان ئىدىم. لېكىن كېيىن قارىسام، بۇ ساھەدىكىلەر دۇمبانىڭ ئۈبېكتى بولۇپ قالدى. قاراپ تۇرۇپ دۇمبالانغىچە، دۇمبالىنىغۇچى بولۇۋالايمۇ دەپ، بۇ ئىشتىن قول ئۈزدۈم. ئۆگىنىڭ دەمسەنا؟ قېرىدىم، ۋاقتى ئۆتتى، ئەمدى ئەسەر ئېلان قىلىشنىڭ بىر ئاسان يولىنى تاپالىسام...

— تاپالايسىز! شۇ ئەقلىڭىز بىلەن جەزمەن تاپالايسىز، — دېدى ئايىلى خوشال بولۇپ. ئۇ ھاراق ئېلىپ كەلدى. سەئىدى خوشاللىقتا بىر رۇمكا ئىچتى ـ دە، ئازراق ھاراق قۇيۇلغان ئىككىنچى رۇمكىنى دىلارانىڭ چىرايلىق لەۋلىرىگە تەككۈزۈپ ۋە بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇپ ئىچىۋەتتى.

## 2

— بۈگۈنكى ئولتۇرۇش ساڭا زېرىكىشلىك، كوڭۇلسىز تۇيۇلدۇ، لېكىن دىلارا، چاندۇرمىغىن جۇمۇ، مېھمانلىرىمىز مىلىجىنىڭ قېرى موللىلار، خۇددى بوۋاي تارمۇش چايىنىغاندەك،

ئاغزىغا كىرىپ قالغان گەپنى كەچكىچە چاينايدىغان، چۈشىنىك-سىز ھەم ئەزۋەلەپ سۆزلىشىدىغان قىزلار. لېكىن دىلارا، ئۆزەڭنى خۇشخۇي، سەۋرچان، قىزغىن تۇتقىن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن بىرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك كۆرۈنگىن، بولسا تېخى ئارىلاپ ئۇنى-بۇنى سوراپمۇ قويغىن، ئۇلار ھەر-ھەر سورۇنلارنى كۆرگەن تىجىمەللەر، ساڭا ياخشى باھا بېرىشىدۇ. مانا، سەئىدىنىڭ ئايىلىمۇ بىر ئىلىم ئەھلىكەن، سەئىدى ئۆز ئۆيىدە ئۇبدان ئىستىقامەت قىلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغاچقا، ئۆيدىكىلىرىمۇ قۇرۇق قالماپتۇ، دېيىشىدۇ. بۇ گەپ جەمىيەتكە چىققاندا مېنىڭ بېشىمغا تاج بولالمىسىمۇ، ھەر ھالدا بىر يالتىراق موي بولالايدۇ. كۆركەملىك ئەنە شۇنداق مويلاردىن، بېزەك-لەردىن قۇرۇلىدىغان گەپ...

سەئىدى مول يىمەك-ئىچمەكلەر تىزىلغان شىرە ئۈستىگە يۇپقا داكا يېپىۋېتىپ، ئايىلىغا يۇقۇرقىلارنى تاپىلىدى. ئايىلى ئۇنىڭ ھەر بىر گېپىنى ئەستايىدىللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ قوبۇل قىلدى ۋە ئاخىردا:

— سىزلا خوشال بولىدىغان بولسىڭىز زادى...— دەپ قويدى.

خوشال دەمسەنا؟ ھەي دىلارا، نەدىكى خوشاللىق، مەن بۇ قىزلارغا ئۆلگۈدەك ئۆچمەن. ئات تىزىگى ئالتۇن بولۇپ قالدى. ئەرەپچە، پارىسچە بىلگىنى ئۇلارنىڭ جىنايىتى بولۇپ كەلگەن ئىدى، ئەمدىلىكتە مانا دەسمايىسى، بايلىغى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ بايلىغىدىن بەھرىمەن بولاي دىمىسەم، ئۇلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق داستىخان سېلىپ يۈردىتىم؟ بىلىسەنغۇ، بۇ ئۆيدە نامى چىققان ئەرباپلار مېھمان بولۇپ كەلگەن. ئۇ چاغدا مەنمۇ هازىرقىدەك ئىستىقامەت، ئىلىم تەھسىل قىلىش... دىگەندەك سۆزلەرنى تىلغا ئالمايتتىم، جەمىيەت تەرەققىيات تارىخى، پەلسەپىنىڭ سەككىز كاتىگورىيىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە گەپ تالىشاتتىم. ھەي، مەن مانا ئاشۇ ئاتالمىلار ھىساۋىغا ئۇسسىمەن، ئۆرلەيمەن دەپ ئۆيلىغان ئىكەنمەن. لېكىن... ئۇن يىل ۋەسۋەسە بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋىدى، بىردىنىلا ئۈمىتسىز بوۋايغا ئايلىنىپ قالدىم. تۇيۇقسىزلا، تۇندە كورۇنگەن چىراقتەك، مانا ئۈمىت يۇلتۇزۇم كورۇندى. مۇشۇ بوۋايلارنى ئەتراپىمغا يىغسام، ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە ئۆز يېنىمدىن ئاز-تولا بىر نىمىلەرنى قوشسام، ئۇگايلا شان-شەرەپكە ئىگە بولالىشىمغا كوزۇم يەتتى خوتۇن... مانا شۇنىڭ ئۈچۈنلا چاشقان ئۇۋىسىغا قاراپ ياتقان مۈشۈكتەك، موللىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ تاما بىلەن ئولتۇردىغان بولۇپ قالدىم. زېرىكىشلىك، جانغا تېگىدىغان ئىش!... لېكىن شان-شەرەپكە ئېرىشىش كىشىنى نىمە كويلارغا سالمايدۇ دەيسەن!

سىرتتىن يوتەل ئاۋازى كەلدى، ئارقىدىن ئۇزۇن چاپان كىيگەن ئۈچ ئادەم ئېگىلىپ سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى. بىر دەمدىن كېيىن يەنە بۇرۇتلۇق، كېلىشكەن بىر يىگىت بىلەن چاساقال بىر ئادەم كىردى. مانا شۇنىڭ بىلەن مېھمانلار كېلىپ بولدى ۋە شىرە ئۈستىدىن داكا ئېلىندى.

— تەخسىر، قورۇنماي كەگرى ئولتۇرسىلا! — دىدى دىلارا

خانىم ئەڭ قېرى موللىغا ئىلتىپات كورسىتىپ ــ ياستۇق ئېلىپ بېرەيمۇ يە؟

ــ رەخمەت سىڭلىم، ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى!...

يېرىم سائەتلىك جىمجىت يېيىش ـ ئىچىشتىن كېيىن سەئىدى قېرى موللىغا قارىدى:

ــ تەخسىر، ئۇزلىرىنىڭ خاھىشلىرىغا بىنائەن، مەي ـ شاراپ تەييارلىمىدىم. مۇبارەك ئاۋازلىرىنى سىمغا ئېلىۋالساق مالاللىق يەتمەسمىكىن؟ داموللام، قوساقتا بارىنى توككەن بولسىلا، كىلاسسىكلارنىڭ نادىر شېىرلىرىنى نەچچە كۇنلەپ ئاڭلىسامۇ قانمايمەن. بۇگۇن كوڭلۇم بىر يايرىۋالسۇن... دىلارامۇ شېىر ھەۋەسكارى!

ــ ئوبدان، تولا ئوبدان! ــ دىدى قېرى موللا ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇپ، ــ ئۇزلىرى ھوكۇمەت ئادىمى، بىزدەك موللىلارنىڭ ئەرزىمەس گەپ ـ سوزلىرىگە تولىمۇ يۇقۇرى ھورمەت كورسىتىۋاتىدىلا، لېكىن تاغنى تەخسىگە ئالغىلى بولماس، ئەپەندىم. مىنىڭ نەچچە يۇز يىلدىن بېرى توپلانغان شېىرلار مىسالى بىر تاغ. بۇگۇن ئىسمەت دامولللا «دىۋان ئەھمەت يەسەۋى» دىن تەپسىر قىلىپ بەرسۇنمىكىن دەيمەن. بۇ كىشىنىڭ بىلىمى تولىمۇ چوڭقۇر، تولىمۇ كەڭ. ئوبدانىراق ئاڭلايلى.

بۇرۇتلۇق يىگىت ئورنىدىن سەل كوتىرىلىپ تازىم قىلدى ۋە ئورنىغا قايتىدىن ئولتۇردى ـ دە:

ــ ئاخۇنۇم توغرا ئېيتتى، مىنىڭ نەچچە يۇز يىلدىن بېرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توپىلانغان شېئىرلار، بىر ئالتۇن تاغ. مېنىڭ ئالقىنىمغا شۇ تاغنىڭ بىر تال تېشىلا سىغىدۇ، بۈگۈن داستىخان ئۈستىگە شۇ بىر تال تاشنى قويالىسام چوڭ ئىش قىلغان بولىمەن، — دېدى.

تەپسىر باشلاندى. موللا ئالدىغا كىتاپنى قويۇۋېلىپ شېئىرلارنى يادا ئوقۇيتتى ۋە ئاددى، ئىخچام تىل بىلەن مەنىسىنى يېشەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق، تەلەپپۇزى ئېنىق ئىدى. سەئىدى ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇنالغۇ لېنتىسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەيران قالدى، مۇنۇ پەرىجىلەر ئىچىدىمۇ ئادەملەر بارلىغىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ياش موللا كىتاپنى ۋاراقلايتتى، لېكىن ئوقۇمايتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ سوزلەر چىقماقتا. مەنىلىك، تەسىرلىك سوزلەر سەئىدىنى ۋە ئۇنىڭ ئايىلىنىمۇ دەرھال ماگنىت تومۇر پارچىسىنى ئۆزىگە تارتقاندەك ئۆزىگە تارتىۋالغان ئىدى. موللىنىڭ سوزلىرى تاغ بۇلاقلىرىدەك قايناپ، ئېتىلىپ چىقاتتى. سەئىدى ئويلىدى: "بىر تال تاش ئىكەن تېخى، پۈتۈن ئالتۇن تاغنى بىلىۋېلىش يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك ئىشكەن... ياق، مەن بۇنى ئاسانلاشتۇرىمەن. يېزىلغان ۋاقتى، ئىگىسى، ھە، بولدى..." ئولتۇرغان موللىلار ئارىلاپ-ئارىلاپ تەپسىرگە قوشۇلۇپ قوياتتى، ئۇلارمۇ ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەتكەن. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا قىزىقىش ۋە ھاياجان بىلەن ئىسمەت داموللىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ئولتۇرۇش يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. سەئىدى سورىدى،

يازدى، موللىلارغا يازغۇزدى، ھەتتا پولۇ يەيىلىۋاتقاندىمۇ، كېيىن سۈيقاش ئىچىلىۋاتقاندىمۇ موللىلارنى بىكار قويمىدى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن سەئىدى ناچار كىيىنگەن، ساقاللىرى ئۆسكىلەڭ، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشىنى يەنە شۇ ئۆيدە مېھمان قىلدى. مېھمان ئىككى رۇمكا هاراق ئىچكەندىن كېيىن:

— ئۈچ يىل تۈرمە، ئون يىل لاۋگەي، قالپاق... زېھنىمنى ئۇپرىتىۋەتتى، بولمىسا...— دەپ سوزلەشكە باشلىۋىدى، دىلارا خانىم سەئىدىنى شەرەت بىلەن سىرتقا چاقىرىۋېلىپ:

— بالاسى تەگمىسۇن! — دىدى.

— ئەخمەق، ئۇنداق چاغلار ئۆتۈپ كەتتى، بىلىملىك، ۋىجدانلىق يىگىتكەن، كوچۇرىدىغان بىرەر نەرسە بولسا ئىشلە‑سەم دەپ ئىش سوراپ كەپتۇ... موللىلاردىن ئاڭلىغانىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقىشقا بىرەي دەۋاتىمەن.

— ئانداق بولسا ئۇنى ياخشى كۈتۈڭ، بولسا 50 ـ 60 سوم خەجلەپ ئۈستۈېشىنى تۈزەپمۇ قويۇڭ، — دىدى خانىم بىر نىمىنى پەملەپ.

بىر ئايدىن كېيىن سەئىدى ئۆيگە ئاغزىنى يۇمالماي خوشال كىرىپ كەلدى ـ دە، كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئايلى ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، ئۇ يانچۇغىدىن گېزىتنى چىقىرىپ شىرەگە يايدى، دىلارا خانىم خوشاللىق بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىتى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇدى:

—«ئەخمەت يەسەۋى شېئىرلىرىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا—بەھرام سەئىدى». —ھا ھا ھا... ھەجەپ ئەقىل-لىق سىز-ھە!... ھېلىقى جۇل-جۇل كىيىملىك يازدىمۇ...؟

—ئاستا! —دىدى سەئىدى تالانى شەرەت قىلىپ...

## 3

بەھرام سەئىدىنىڭ ئەمدى ئەدىبىياتچى، تارىخچى ئۇلپەتلىرى پەيدا بولدى. پات-پات ئۇنىڭ ئۆيىدە كوكۇللۇك ئولتۇرۇشلار بولاتتى، ئوقۇلغان شېئىرلار لېنتىغا ئېلىناتتى، ھېلىقى "كوچۇر-مىچى" ئادەممۇ پات-پات كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان بىرقانچە ماقالىسى بەھرام سەئىدىنى ناھايىتى تېزلا ئىلىم-پەن خادىملىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويدى. "بىكار يۈرمىگەن ئىكەن، ئىملا بولمىسۇن، قېرىغىنىدا بولسىمۇ خەلققە پايدىلىق ئىش قىلىپ قويىدىغان بولدى" دىيىشتى بەزىلەر. لېكىن ئۇنى ياخشى بىلىدىغانلار بولسا: "بۇ ئىلمىي ماقالىلارنى ئۇ يازدىمۇ، سېتىۋالدىمۇ ياكى بۇلىۋالدىمۇ، ئالدىۋالدىمۇ، ئىش قىلىپ بىرسىنى قىلدى. بۇلار ھەرگىز ئۇنىڭ ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى ئەمەس، ئۇ كونا نەرسىلەرنى بىلسىمۇ لېكىن بۇنچىلىك ئەمەس ئىدى، ھەر ھالدا ئىملا قىلسىمۇ ياخشى قىلدى" دىيىشتى.

سەئىددىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئۆلپەتلىرىلا ئەمەس، گەپ-سوزلىرىمۇ ئۆزگەردى. ئەرەپ-پارس تىللىرىدا يېزىلغان كىتاپلارنى كوپلەپ ئوقۇيدىغان، ئىسدىن چىقىپ كەتكەن شېئىرلارنى يادلايدىغان، لۇغەتلەرنى ئاختۇرىدىغان بولدى، شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە يۈز ئاتالمىنى يادلىۋالدى، فارابىدىن نىزارىغىچە بولغان شائىرلارنىڭ ياشىغان دەۋرى، ئەسەرلىرى توغرىسىدا گەپ ئاچالايدىغان، ھەتتا "بۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتىمەن" دەپ سوزلەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۆيگە كىرگەندە دىلارا خانىمغا يادلىۋالغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان بولدى. ئۇ "كوچۇرمىچى" دىنىمۇ نۇرغۇن شېئىرلار، تەپسىلاتلار ۋە قىزىق لەتىپىلەرنى ئاڭلىدى، يازدۇرۇپ يانچۇغىغا سېلىۋالدى. "كوچۇرمىچى" ئۇنىڭ ئۆلپىتى بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، 3-4 ئايلىق كېلىپ-كېتىش نەتىجىسىدە، سەئىددىنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىياتتىن خېلىلا قۇرۇپ، ئۇزۇلۇپ قالغان بىلىم غەزىنىسى ئاز-تولا بېيىپمۇ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ تاماسى چوڭ ئىدى. مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىگ»، ناۋايى، لۇتفى ھەتتا فارابى، ئىنسانلار توغرىسىدا ئىلمىي ئەسەرلەر يازماقتا. پات يېقىندا بۇ ئەسەرلەر ئېلان قىلىنسا، سەئىددىنىڭ نامى يەنە كومۇلۇپ قالىدۇ، بۇ ساھەدىكى شان-شەرەپ يەنە باشقىلارنىڭ بولۇپ كېتىدۇ. سەئىدى نېمىشقا ئۇلار قىلغاننى قىلالمايدىكەن؟

ئۇ موللىلاردىن نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىدى، يېزىۋالدى، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پات ئارىدا مۇشۇ يول بىلەن چوڭراق بىر نەرسە كوتىرىپ چىقىشقا كوزى يەتمىدى، مانا ھازىر ئۇ تېزرەك بىرەر چوڭ ئىلمىي ئەسەر كوتىرىپ چىقىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا-بۇنىڭغا يولۇقۇپ "مەسلىھەت" ئېلىپ يۈرمەكتە.

ئۇ ئۆيىگە خىيال بىلەن كىرىپ كەلدى. دىلارا خانىم چىرايلىق ياسىنىۋالغان ھالدا ئېرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەكىلىدى:

— ھىلىقى شېئىرنى ئوقۇڭا.

— خوشياقمايدۇ، دىلارا.

— نىمىشقا خوشال ئەمەسسىز، ئەمدى چەتئەللەرگە چىقىشقا تەييارلانسىڭىز بولىدۇغۇ.

— تېخى يىراق. ماڭا قانات پەيدا بولغىچە باشقىلار ئۇچۇپ بولىدىغان ئوخشايدۇ خوتۇن. چوڭ-چوڭ ئىلمىي ئەسەرلەر مۇشۇ يېقىندا ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا سەئىدىنىڭ نامى يەنە ئەخلەت ساندۇغىغا كىرىپ كېتىدۇ.

— ۋاي ئولەي، ئەمدى قانداق قىلىسىز؟

سەئىدى جاۋاپ بەرمىدى. دىلارا خانىمنىڭ روھى چۈشتى. "ئادەملەر رەھىمسىز، بۇ كىشىنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ چوڭ-چوڭ نەرسىلەرنى يازغىنى نىمىسى؟ يازسىمۇ بىرەرسىنى بەھرام سەئىدىنىڭ نامى بىلەن ئېلان قىلسا، بۇنىڭ نىمىسى يامان... ھەي قىتىغىرلار" دەپ ئويلىدى خانىم ئېرىگە ھىسداشلىق قىلىپ.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن:

— بىلەمسىز؟ ھېلىقى چاغدىكى دوستىڭىز ئەخمىدىنى كور-
دۇم، ئۇ سىزنى سورىدى، — دېدى دىلارا خانىم ئېرىنىڭ ئالدىغا
كېلىپ خوشاللىق بىلەن.

سەئىدىنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالدى.

— نېمىشقا تونۇشلۇق بەردىڭ؟ — ئۇ غەزەپ بىلەن ئايىلىغا
ۋاقىرىدى.

— مەن نەدىن تونۇي، — دېدى ئايىلى كەينىگە داجىپ، —
ئۇ مېنى تونۇۋاپتۇ، كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىپ ئىسمىمنى
چاقىردى.

نېمە دېدى؟!

— "سەئىدى دېگەن كىمدۇ دېسەم، بىزنىڭ بەكرى سېپىت-
كەنغۇ" دەپ خوشال بولۇپ سۆزلەپ كەتتى. "ماقالىلىرىنى
ئوقۇپ ناھايىتى خوشال بولدۇم. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ. مەنمۇ
جىم ياتمىدىم، مىدىرلىغاچ تۇرۇۋاتىمەن" دېدى.

— ھە؟ شۇنداق دېدىما؟ ئۇنداق دېگەن بولسىلا، ئۇ بىر
چوڭ ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ
قولىدىن كېلىدۇ. ئۇ تولىمۇ تۈز، كەمتەر ئادەم. ئۈن-تىنسىز
ھەر چوڭ ئىشلارنى قىلىۋېتىدۇ. مىدىرلىغاچ تۇردۇم دېگىنى
ئۇنىڭ بىر چوڭ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىدىن بىشارەت
بەرگىنى.

— ئىش قىلىپ، مېنىڭ خەۋىرىم سىزنى خوشال قىلدىغۇ،
ئەمدى مەنمۇ قوشۇلۇپ خوشال بولاي، ئۇنى مېھمانغا چاقىرىشقا

تەييارلىق قىلامسىز؟

— ياق، دىلارا، — دېدى سەئىدى ئۆزىنى كىرىشلوغا تاشلاپ، — سەن ئۇ ئادەمنى بىلمەيسەن، ئۇ مېھمان بولۇشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭغا مەن ھازىرغىچە ئۇلۇم تىلەپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگىمۇ ئىشەنگەن ئىدىم، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىنى بىلدىم، ئەمدى ئۇنىڭغا بىرنەچچە يىل ئۆمۈر تىلەيمەن.

— چۈشەنمىدىم، سەئىدى، — دېدى ئايىلى ئۇنىڭغا يانداشىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئۇلۇم، ئۆمۈر تىلەش نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالدى؟

سەئىدى جاۋاپ بېرىش ئورنىغا ئايىلىدىن سورىدى:

— ھېلىقى كىتاپلار جايىدىمۇ؟

جايىدا بولماي نەگە كېتەتتى... — ئايال ئېرىگە ھەيران بولۇپ قارىدى.

— ياخشى، بىلەمسەن، دىلارا؟ — دېدى سەئىدى ئايىلىنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، — ئۇ كىتاپلارنىڭ ھەر بىرسىگە مىڭ يۈەن خەجلىسىمۇ ھازىر ھېچيەردىن تېپىلمايدۇ!

— ئانداق بولسا، ياخشى ساقلاي، لېكىن بۇ كىتاپلارنىڭ ئەخمىدى بىلەن نېمە باغلىنىشى بار؟

— باغلىنىشى بار، دىلارا. بۇ كىتاپلار نەق ئاشۇ ئەخمىدىنىڭ جېنى. ئەسلىدە ئۇلار شۇ ئەخمىدىنىڭ ئىدى. ئەگەر كۈتكەن يېرىمىدىن چىقسا، مەن ئۇنىڭغا كىتاپلىرىنى قايتۇرۇپ

بىرىمەن. ئۇنىڭ ھىساۋىغا...مەن ئەرزان باھا بىلەن قىممەتلىك شان-شەرەپنى سېتىپ ئالالايمەن...

## 4

توخۇ دان ئىزدەپ نە-نەلەرگە كېتىدۇ، مال ئوت قوغلىشىپ قانچە يىراقلارغا كېتىدۇ. ھاجەتمەن ئادەممۇ ئىزدەش-سوراشنى ئاۋارىچىلىق ھىساپلىمايدۇ. بولۇپمۇ جانغا ئەسقاتىدىغان بىرەر نەرسە ئۈچۈن ئادەممۇ بەزىدە توخۇغا، مالغا ئوخشاش يىراق-يېقىننى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ.

سەئىدى ئاخىر ئەخمەدىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى تاپتى. ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر خىلۋەت كوچىدىن كىچىككىنە ھويلىسى ۋە بېغى بار ئۈچ ئېغىزلىق ئوي سېتىۋالغان بولۇپ، بىر قىزى بىلەن شۇ يەردە تۇرىدىكەن. سەئىدىگە بۇ ئادرىسنى ئېيتىپ بەرگۈچى ئادەم ئەخمەدى توغرىسىدا مۇنۇلارنى قىسقىچە قىلىپ ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

1966-يىلى ئەخمەدىنىڭ كىتاپخانىسى ۋەيران قىلىنىپتۇ. كىتاپلار كاتالوگىغا قارىغاندا بۇ خۇسۇسى كىتاپخانىدا 38 مىڭ ئۈچ يۈز ئون توت پارچە كىتاپ، 1933-يىلدىن بېرىقى ئۇيغۇر، ئۆزبەك، قازاق تىلىدا چىققان گېزىت-ژورناللارنىڭ تولۇق توپلاملىرى (جەمى ئەللىك نەچچە)، ئىككى كىچىك ساندۇقتا ئۆزىنىڭ قول يازمىلىرى ۋە كوچۈرمىلەر بار ئىكەن. ئەخمەدى-

www.uyghurkitap.com

نىڭ بۇ بايلىغى مېھرىۋان ئانىسى بىلەن سەۋرىچان ئايىلىنىڭ راسخوت-خىراجەتلەرنى، باللىرىغا ئېلىپ بېرىدىغان كىيىم-كېچەك پۇللىرىنى قىسىشى ۋە بەزىدە ئۈزۈپ قويۇشى ھېساۋىغا — 20-30 يىللىق جاپالىق تۇرمۇش ھېساۋىغا توپلانغان ئىكەن (ئەخمىدىنىڭ دادىسىمۇ بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئىكەن). مۇشۇ شەھەرنىڭ بىر چوڭ كادىرى تويۇقسىزلا خۇڭۇپىيىڭلارنى ئىشقا سېلىپ كىتاپلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئىككى ماشىنىدا لىقمۇ-لىق كىتاپ توشۇلۇپتۇ-دە، ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمىدىنىڭ ئانىسى ۋە ئايىلى كەينى-كەينىدىن ۋاپات بوپتۇ. چوڭ قىزى كىتاپلار ئۈچۈن كۆرەش قىلىمەن دەپ "مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى"نى تىللاپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپتۇ، كېيىن ئەخمىدىمۇ قولغا ئېلىنىپتۇ. پەقەت 1978-يىللا ئاقلىنىپ چىقىپ مائاش-لىرىنى تولۇق ئاپتۇ. قىزى سەل ئېلىشىپ قالغاچقا، ھازىرغىچە ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا ئىكەن. ئەخمىدى كوڭۇلسىزلىكلەرنى ئەسلەشتىن قېچىپلا بۇرۇنقى جايىنى سېتىۋېتىپ، مۇشۇ جاينى قىممەتلىكگە قارىماي سېتىۋاپتۇ. كوچۇپ كەلگەندىن بېرى ھېچكىمگە ئارىلاشماي، كىتاپ ئوقۇيدىكەن، بىرنىمىلەرنى يازىدىكەن...

ياز ئايلىرىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى سەئىدى ئايىلىنى ئېلىپ كىچىك ماشىنا بىلەن ئەخمىدىنىڭ ئۆيىگە تويۇقسىزلا يوقلاپ كەلدى. سەئىدى كىرىپ كەلگەندە ئەخمىدى كىچىككىنە بېغىدا مېڭىپ يۈرۈپ بىر كىتاپنى ئوقۇۋاتقان ئىدى. سەئىدى ئۇن

نەچچە يىلدىن بېرى كورمىگەن ساۋاقداشىغا ھەيران بولۇپ سىنچىلاپ قارىدى: ئوز ۋاقتىدىكى ئىگىز، چاچلىرى دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان، كېلىشكەن ساۋاقداشىنىڭ گەۋدىسى يادەك ئېگىلگەن، قويۇق، بۇدرە چاچلىرى ھازىر كومۇشتەك ئاقارغان ۋە شالاڭلىغان، قاڭشالىق بۇرنى جۇدەشتىن ئىنچىكىلەپ قىڭراق بىسىغا ئوخشاپ قالغان، قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ، ئاغزى كەمشۈك بولۇپ قالغان، پەقەت نۇرلۇق، دۇگىلەك قوي كوزلىرىلا ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى بار ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى: سەئىدى قوللىرىنى سوزۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى:

—سەن... سەن!...—ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. قېرىدلىق ئىنسان ئۇچۇن ئاجايىپ كوڭۇلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىغىنى ئۇ بۇگۇنكىدەك ھىس قىلمىغان ئىدى. ئۇزۇن يىل بىر مەھەللىدە ئويناپ-كۈلۈپ، بىللە ئوقۇپ، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئىزدىشىپ يۇرگەن مۇنۇ ساۋاقداشىغا كەلگەن قېرىلىق دەھشتى ئەلۋەتتە سەئىدىنىمۇ ئاياپ قويمايتتى. مانا مۇشۇنى ئويلاپ ئۇنىڭ راستىنلا كوڭلى بۇزۇلغان ئىدى.

—بەھرام سەئىدى!—دىدى ئەخمىدى بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازى ياش ۋاقتىدىكىدەك جاراڭلىق ئىدى. ئۇ سەئىدىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىققىنىچە ئويىگە باشلىدى ۋە دىلارا خانىمغا قاراپ بېشىنى ئېگىپ ھورمەت بىلدۇردى:—دىلارا خانىم، سىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالاھىدە رەخمەت. بىزدەك سەھرالىقنىڭ سالىمىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىۋار قىلىپ ئەزىز مېھمانىنى باشلاپ كەپسىز!

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئەخمىدى مېھمانلارنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىۋېتىپ:

— ئەمدى سىزنى سەنلەيمەن، — دىدى سەئىدىگە قاراپ، — ئۆز ۋاقتىدىكى ساۋاقدىشىم بەكرى سىزنى، كېيىنكى باشلىغىمىز سىپىتىۋۇ ئۈچۈن مۇنچىلىك ئىلتىپات قىلمىغان بولاتتىم. لېكىن بۈگۈن سەن بەھرام سەئىدىسەن. ئىسمىڭ نىمە بولسىمۇ مەيلى، بۇنىڭ كارايىتى يوق. مۇھىمى سەن ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىكى بىر يارامىلىق ئىلىم ئەھلىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزنى كورۇپ ئۇلۇغ خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇغۇم كېلىپ قالدى:

ھازاران خى شنا قابىل ئەگەر مىرافت چىغەم دارەم.
ۋەلى تەرسەمكى يەك بىگانە ئى ئاقىل رەۋەد ئەزدەست.

خانىم ئۇچۇن بۇ شېئىرنى چۈشەندۈرۈپ ئوتەي: كارغا كەلمەس بىر تۇققىنىم دۇنيادىن ئوتسە، بۇنىڭغا ھىچ پەرۋا قىلماس ئىدىم، ئەمما ئەقىللىق-بىلىم ئەھلى بولغان بىر يات كىشى دۇنيادىن ئوتسە، ياقىلىرىمنى يىرتىپ زار-زار يىغلىغان بولاتتىم، دىگەن مەزمۇندىكى بىر شېئىر بۇ، خانىم!

ئەخمىدىدىن يۇقۇرى باھا ئالغان سەئىدى شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىن ھوزۇرلانغان كىشىدەك كوزىنى سەل يۇمۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئەخمىدىنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— سېنى كورۇپ، قېرىلىقتا تەن بەردىم، 10 يىللىق بالايى-ئاپەتنىڭ دەھشىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، ئۆلۈپ كېتەتتىم. لېكىن سەن ھېلىمۇ شۇنچە ئۇمىتۋار، شۇنچە قىزغىن، خۇددى ياش ۋاقتىڭدىكىدەك جۇشقۇنسەن! — دىدى.

سەئىدى ئەخمىدىنىڭ كوزلىرىدىن تاپا-تەنە، نەپرەت ئالامەتلىرىنى ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى. ھېلىقى چاغدا ئەخمىدى بىلەن ئۇچەكىشىپ كىتاپلىرىنى كويدۇرگۈزۋەتكەن، كېيىنچە ئەخمىدىنى تۈرمىگە ئەۋەتىپ بەرگەن مۇشۇ سەئىدى ئىكەنلىكىنى ئەخمىدى بىلمىگەن بولسا-ھە؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئاللىقاچان بىلىپ بولغان. لېكىن شۇنچە چوڭ دۈشمەنلىكنىمۇ ئۇنتۇشقا بۇ بوۋاينى نىمە مەجبۇر قىلدى؟ بىرەر تامامۇ؟ ياق. ئۇنىڭ سەئىدىگە نىمىدىن ھاجىتى چۈشەتتى؟ سەئىدىنىڭ ياردىمىسىزلا ئۇ شان-شەرەپكە ئىگە بولۇۋېرىدىغۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش، پانا ئىزدەش ئەخمىدى ئۇچۇن نومۇسلۇق بىر ئىش، بۇنى سەئىدى بىلىدىغۇ!...

— بۈگۈن دىلارا خانىمغا ھاجىتىم چۈشىدىغان ئوخشايدۇ، — دىدى ئەخمىدى كۈلۈپ، — خانىم قازان بېشىغا قارىشىپ بەرمىسە بولمىغۇدەك، ئەمما راسكالىق جايىدا.

خانىم ئورنىدىن يېنىك قوزغالدى ۋە:

— بۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، — دىدى كۈلۈپ.

ئەخمىدى سەئىدى بىلەن چاي ئۈستىدە تەتقىقات ئىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى كۇتۇپخانىسى
www.uyghurkitap.com

توغرىلىق پاراڭلاشتى. ھازىر ئاداۋەت، نەپرەت ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىپ كەتكەن، ئىككى-ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالا يازغىنى ئۈچۈن سەئىدى ئۇنىڭغا ھاياتتا ئۇچرىشى تەس بولغان مەشھۇر شەخسلەردەك قىممەتلىك بولۇپ قالغان. ئۇ قىن-قىنىغا پاتمىغان خۇشاللىق بىلەن، ئۆزىنىڭ قول يازمىلىرىنى جوزىغا قويۇپ ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلىدى:

— تەركى دۇنيامۇ بولدۇم، لېكىن بۇنداق قىلىش ھەقىقى ئىنساننىڭ خىسلىتى ئەمەسكەن. تارىختا ئۆتكەن قايسىبىر ئىلىم ئەھلى مۇشەققەت تارتمىغان. ئىلىم-پەن باھارى كېلىش بىلەن قېرىلىقنى ئۇنتۇدۇم، ئاز قالغان ئۆمرۈمدە بولسىمۇ، ئۆتكەندە يازغانلىرىمنى ئەسكە ئېلىپ بىر نەرسە قالدۇراي دېدىم. مانا مېنىڭ قول يازمىلىرىم، خالىساڭ كۆرۈپ بېقىشىڭغا بېرىمەن...

سەئىدى قوليازمىلارنى ۋاراقلىدى، ماۋزۇلىرىنى ئوقۇدى، ئاندىن ئەخمىدىنىڭ قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— ئوتتۇز-قىرىق يىلدىن بېرى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن ئەيىپلىرىمنى بىر يوللا يۇيۇپ تۈگىتىشنى قارار قىلدىم. دوستۇم، ماڭا ئىشەن، مەن سېنى ئەمدى قەدىرلەيمەن! — دېدى.

## 5

بەزى سورۇنلاردا سەئىدىنىڭ نامى، مۇلاھىزىلىرى، پىكىرلىرى ئۈستىدە پات-پات سۆز بولۇپ تۇراتتى، سەئىدى ماختىلاتتى.

— بىلىمى چوڭقۇر ئادەمكەن، پاھ، قانداق ياخشى يازغان ھە؟
— گۇمانلىق. ئۇ ئادەمدىن ئۇنچىلىك ئىش چىقىشىغا كوزۇم يەتمەيدۇ جۇمۇ؟
— نىملا بولمىسۇن، يازغان ماقالىلىرى ھەقىقى بىلىم، مۇكەمەل ئىلمىي ماقالا. مۇشۇ خىزمىتى ئۇچۇن سەئىدى دەۋرىمىز-دىكى ئەڭ ھورمەتلىك ئادەملەردىن بولۇشقا پۇتۇنلەي مۇناسىپ!
مانا مۇشۇنداق تالاشلاردىن كېيىن بىر كۇنى سەئىدى مۇشۇ شەھەردە داڭقى بار، بىر بىلىملىك كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.
— خوشالمەن، سىزگە قايىلمەن! — دەپ ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقتى ھېلىقى كىشى، — مەن ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەر سىزنىڭ ماقالىڭىزدا ياخشى ھەل قىلىنىغان. نۇقتىنەزىرىڭىز، ئىسپات، پاكىتلىرىڭىز تولىمۇ ئىلمىي، تولىمۇ مۇكەممەل! يېزىڭ، يېزىڭ، يولداش سەئىدى، سىزدەك بىلىم ئەھلىدىن يەنە بىرنەچچىسىلا ئوتتۇرىغا چىقسا، ھازىرغىچە ئايدىڭلاشماي كەلگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر ئېنىقلانغان بولاتتى، سىزگە رەخمەت!
— ئەۋلاتلارغا نىمە دەيمىز، — دىدى سەئىدى كەمتەرلىك بىلەن، — چۇجاڭ بولدۇم، ئەمەل تۇتتۇم دىيىشكە بولمايدۇ-دە، ئىلمىي ئەمگەك بىلەنلا ئەۋلاتلارغا توغرا جاۋاپ بەرگىلى بولىدۇ. لېكىن ئەپسۇس، ئەپسۇسكى، بىلىم كەمبەغەللىكى جېنىمغا تېگىۋاتىدۇ.
ئەمما ئۇ بىر كۇنى كەچتە ئويىگە قايتقاندا، دىلارا خانىم

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇنى باشقىچە ۋەزىيەتتە كۆتۈۋالدى:

— بولمىدى سەئىدى! — دېدى ئۇ ئۇكسىلى ئۈچكەن هالدا، — هېلىقى سا قاللىق "كوچۇرمىچى" بۈگۈن ئۆيگە مەس هالدا كىرىپ كەلدى ۋە سىزنى جونۇپلا كەتتى. قېنىمنى ساتمەنكى، بىلەمنى ساتمايمەن دەمدۇ، ئەخمىدىنى ئىزلەپ تاپىمەن دەمدۇ... يائاللا، ئۇ ئەخمىدى بىلەن تۇرمىدە بىللە بولغان ئىكەن. ماقاللارنى كورۇپلا تونۇۋاپتۇ، قېرىشقاندەك، هوكۇمەت "كوچۇرمىچى"نىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇپ، نەچچە يىللىق مۇئاشىنىمۇ بېرىپتۇ! ئۇ ئەمدى ئۇستىگىزدىن دەۋا قىلسا، ئەخمىدىنى قۇتراتسا..

دىلارا خانىم كوزلىرىگە ياش ئالدى. سەئىدىنىڭ رەڭگىدە قان قالمىدى. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى ئۇگە-ئۇگىسىدىن ئاجراپ كەتكەندەك، پۇتۇن بەدىنى بوشاپ كەتكەن ئىدى.

— ئۇلارنىڭ ئاغزىنى پۇل بىلەن تۇۋاقلىغىلى بولماسمۇ؟

— ئۇلار هازىر پۇلغا هاجەت ئەمەس!

— ئۆيگە چاقىرىپ مېهمان قىلامسىزيە؟

— ئۇلار ئۇنچىلىك ئەخمەق ئەمەس...

— قانداق قىلىسىز ئەمىسە؟ بىر ئامال قىلىپ يەنە تۇرمىگە سېلىۋەتكىلى بولماسمۇ؟

— ئەمدى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ...

— خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولامسىز ئەمىسە؟

— ياق!... — دېدى سەئىدى بېشىنى كوتىرىپ، — خەلقى

ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولغاندىن كورە ئەخمىدى بىلەن "كوچۇر-مىچى"نىڭ ئالدىدا رەسۋا بولغىنىم تۈزۈك. يالۋۇرىمەن، ئايىغىغا باش قويۇپ بولسىمۇ يالۋۇرىمەن!

— ۋاي ئولەي! — دىدى دىلارا خانىم يۈزىنى ئالقىنى بىلەن يېپىپ يىغلاپ، — ئار-نومۇسنى نەگە چورۇۋەتتىڭىز؟

— شان-شەرەپ ئۈچۈن، نام ئۈچۈن قاتىللىق قىلىشقا بولىدۇ يۇ، ئار-نومۇسنى چورۇۋېتىشكە نىمىشقا بولمايدىكەن؟!..

سەئىدى ئۆزىنىڭ بۇ گېپىدىن هوزۇرلىنىپ كۈلۈمسىرىدى...

ئەتىسى كەچقۇرۇن سەئىدى ۋەلسىپت بىلەن تەرلەپ-پىشىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا — ئەخمىدىنىڭ ئويىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئەخمىدىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ: "كاچىتىمغا ئۇرۇشى، يۈزۈمگە تۈكۈرۈشى، دولامدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىشى، زەهەرلىك گەپلەر بىلەن تىللىشى مۇمكىن. بىر كىشىنىڭ ئاهانىتى هىساۋىغا نەچچە مىڭلىغان، بەلكى تۈمەن مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ هورمىتى ۋە ئىناۋىتىگە ئىگە بولىمەن، بۇنىڭ نىمىسى قورقۇنچلۇق بولسۇن!" دەپ ئويلىدى-دە، ئېهتىيات بىلەن ئىشىكنى چەكتى.

ئىچكىرىدىن يېنىك قەدەم بىلەن بىرسى چىقىپ كەلدى. سەئىدى روهىي تەييارلىق بىلەن تۇردى. چىققۇچى يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن بىر ئوماق قىز ئىدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دىدى قىز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— مەن سەئىدى بولىمەن. ئەخمىدى بىلەن كورۇشەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۋددىم...

— ھە، سەئىدى دىگەن سىزمۇ؟ بىلىمەن، ياخشى بىلىمەن! — دىدى قىز ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — دادامغا قەدىرلەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەن، لېكىن ماقالىلىرىنى ئۆز نامىڭىزدا ئېلان قىلغۇالغان ئادەم سىز ئەمەسمۇ؟...

سەئىدى يەرگە قارىدى. قىز يەنە ئاللىنىملەرنى دەۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن دەل شۇ چاغدا بوسۇغىدا ئەخمەدىنىڭ ئىگىز گەۋدىسى پەيدا بولدى. ئۇ نېمىسچە ئاتالغۇلارنى يادلاۋاتقان ئىكەن، سەئىدىنى كورۇپ كۈتۈلمىگەن قىزغىنلىق بىلەن ۋاقىرىدى:

— ئوھوي! قىممەتلىك دوستۇم بەھرام سەئىدى! — ئۇ سەئىدىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى-دە، ئويگە تەكلىپ قىلدى ۋە قىزىغا: — قىزىم، مېھماننى نىمىشقا ئويگە باشلىمىدىڭىز؟ — دەپ قويدى.

سەئىدى يېنىك ئۇھ تارتىپ ھويلىغا كىردى.

— ئالدىڭىزدا يەنە گۇناكار بولۇپ قالدىم! — دىدى سەئىدى چاي ئۇستىدە يەرگە قاراپ، — ماقالىلىرىڭىزنى.. ئىنسان دىگەننىڭ خۇي-پەيلىنىڭ تۇزەلمىگى تەس ئىكەن...

— خوشال بولۇش ئورنىغا نىمىشقا كوڭلۇڭنى يېرىم قىلىدسەن؟ — دىدى ئەخمىدى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ، — سېنىڭ نامىڭدا چىقسا نىمە بوپتۇ؟ ھىچكىمنىڭ ئىسمى يېزىلماي چىقسا نىمە بولاتتى؟ پۈتۈن ئۆمرۈمنى تەتقىقات

ئىشقا بېغىشلىدىم. مەقسىدىم مەدىنىيەت تارىخىمىزدىكى يېغى-
لىپ قالغان چىگىشلەرنىڭ بىرنەچچىسىنى بولسىمۇ يېشىپ چىقىش
ئىدى. بۇنى كىملا يەشسە ماڭا ئوخشاش. خەلقىمىز بىلسىلا،
شاتلانسا ۋە روھلانسىلا بولىدى. ناۋادا نام ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىمنى
سەرپ قىلغان بىر ئادەم بولغان بولسام، مەن ئۆزەمنى ھاماقەت
ۋە يىرگىنىشلىك ئادەم ھىساپلىغان بولاتتىم. لېكىن مەن نام
قوغلىشىشنى نومۇسسىزلىق دەپ ھىساپلايمەن. شۇڭا، مەن ئوت-
تۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ بۈگۈن كوپچىلىك بىلەن يۈز
كورۇشكىنىگە ناھايىتى خوشالمەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سېنىڭدىن
ئىنتايىن رازىمەن.

سەئىدى ئەخمىدىنىڭ ئويىدە مېھمان بولىدى. ئۇلار ئاز-
تولىدىن ئىچىشتى، ياشلىغىدا، خىزمەتتە بىللە خوشال بولۇشقان
ئىشلارنى ئەسلەشتى. سەئىدى ئۆزىنىڭ قىلغان ۋىجدانسىزلىق-
لىرىنى گەدىنىگە ئېلىپ، ئەخمىدىنىڭ ئىشەنچىنى كۇچەيتىشكە
ئۇرۇنۇپ كوردى. لېكىن شۇ توغرىدا گەپ بولغاندا، ئەخمىدى
ھامان گەپنى كوكۇللۇكرەك بولغان باشقا تېمىغا يوتكىۋېتەتتى،
ئۇنىڭ گەپلىرىدە نە دارىتما، نە چاقچاق ئارىلاش چېقىۋېلىش
كورۇنمەيتتى. سەئىدى بولسا ئەخمىدىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە
بولۇش ئۈچۈن ھەرنىمە قىلىشقا تەييار ئىدى.

ئۇ ئاخىر سومكىسىدىن گېزىتكە ئورالغان بىر بولاقنى ئېلىپ
جوزىغا قويدى-دە، ئەخمىدىگە قاراپ:

— جەزمەن خوش بولىسەن، جەزمەن خوش بولىسەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

ئېيتقىنا بۇ نىمە بولۇشى مۇمكىن؟ — دىدى. ئەخمەدى سوغا-سالامنى يامان كۆرىدىغان ئادەم بولغاچقا ئۇنىڭغا قىزىقىپ كەتمىدى ۋە سوغلا قىلىپ:

— هاجىتى يوق، ئۇشۇقچە ئىش! — دىدى.

سەئىدى بولاقنى يەشتى. جوزىدا مۇقاۋىسى ئۇچۇپ، كىرلىشىپ، قەغىزى سارغىيىپ كەتكەن ئىككى "دىۋان" تۇراتتى. ئەخمەدى خوشاللىغىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇزۇن يىل كورمىگەن يېقىن ئادىمىنى تۇيۇقسىز كورگەن كىشىدەك، تەقەززا بولۇپ يولغا قاراپ ئاخىر ئانا دىدارىنى كورگەن شوخ موزايدەك، كىتاپلارغا ئوزىنى ئاتتى. ئۇ كىتاپلارنى بالىلاردەك باغرىغا باستى، ئىگىز كوتەردى، ئۇنىڭ كوزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار قۇيۇلدى...

— هەر بىرسىگە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بىر نائەھلىدىن سېتىۋالدىم، — دىدى سەئىدى يالغان سوزلەپ، — سىزنىڭ ھىلىقى قىممەتلىك كىتاپلىرىڭىزدىن ئىككەنلىگىنى بىر قاراپلا تونۇدۇم... بۇنىڭغا قارىغاندا، سىزنىڭ كىتاپلىرىڭىزنىڭ ياخشىلىرى كويدۇرۇلمىگەن، پەقەتلا بۇلانغان بولۇشى ئېھتىمال. ناۋادا شۇنداق بولغان بولسا، مەن ساڭا ئۇلارنى تېپىشقا ۋەدە بىرىمەن!

ئەخمەدى ئوينىڭ ئىچىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ، ئاخىردا سەئىدىنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە سەئىدىنىڭ كوزىگە قاراپ تۇرۇپ:

— مېنى خوش قىلىش ئۇچۇنلا ئەمەس، ئەۋلاتلارنى خوش

قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ياخشى ئىش قىل، مۇشۇنداق كىتاپلارنى سېتىۋال، مەن ساڭا ھازىرلا نۇرغۇن پۇل بېرەي، مېنىڭ كىتاپلىرىمنى قايتىدىن يىغىشىپ بەرگىن. مەن ئۆمرۈمدە بىرسىگە يېلىنىپ كورمىگەن ئادەم ئىدىم، مۇشۇ ئىشتا ساڭا يېلىناي، نىمە لازىم بولسا شۇنى بېرىشكە مەن تەييار. كىتاپلىرىمنى تېپىشقا ياردەم قىل! مەن ئىلاجسىزلىقتىن نېمىس تىلىنى ئۈگىنىپ شۇ ئارقىلىق تەتقىقات ئېلىپ باراي دىگەن ئىدىم، — دىدى ئۇ ھاياجان بىلەن، — ئۇز ۋاقتىدا مەن مۇشۇ دېۋاننىڭ ھەر بىرسىنى يەتتە يۈز يۈەنگە ساتمىغان. مانا ئەمدى مىڭ يۈەندىن پۇل خەجلەپ قايتا سېتىۋېلىشقا رازىمەن. بىلەمسەن، بۇ كىتاپلارسىز مەن ئەۋلاتلارغا ھىچنەرسە قالدۇرالمايمەن!...

سەئىدى ئۇنىڭغا قايتا-قايتا ۋەدە بەردى، ئاخىردا ئەخمىدىنىڭ يېڭى قولليازمىلىرىدىن يەنە ئىككىنى كوروۈپ بېقىشقا ئالدى.

ئۇ ئۇيىگە كەچ قايتتى، ۋەلسىپىت ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئۇزىچە كۇلدى، غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى. ئۇيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇزىنى كۇتۇپ ئولتۇرغان دىلارا خانىمنى خوشاللىق بىلەن قۇچاغلىدى-دە، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋالاقلىدى:

— ئەمدى ماڭا غەزىنە تېپىلدى خوتۇن. ھىلىقى كىتاپلارنى بىردىن-ئىككىدىن ئەخمىدىنىڭ ئۇيىگە توشۇيمەن. ھا ھا... ماشىنىلاپ ئەكەلگەن ئىدىم، ئەمدى بىردىن-ئىككىدىن توشۇيمەن. ئۇنىڭ ھىساۋىغىچۇ؟ ئەخمىدى بىلەن ئىككىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نامىدا ئىلمىي ئەسەرلەر پۈتىۋېرىدۇ. دىلارا، ئەمدى بىز ئەخمىدىگە ئۇمۇر تىلەيلى، ئۇ يەنە ئۈچ يىللا ھايات تۇرۇپ بەرسە بولدى. ھەي دىلارا، سەن بىلمەيسەن، ئاق كوكۇل، كەڭ قوساق، ھەقىقى بىلىم ئەھلى بولغان ئادەملەر بىر سېغىن كالا. كىملا ساغىمەن دىسە، ئۇ تۇرۇپ بېرىۋېرىدۇ. ھەر ئامال بىلەن ئۇلاردىن نەپ ئالغىلى بولىدۇ، قارا ئۇنىڭ كەڭ قوساقلىغىنى، ھەممىنى كەچۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن ھىچ بولمىسا ئىككىمىزنىڭ نامىدا... دىگەندەك قىلدى، ھەي...لېكىن دىلارا، قارا كوكۇل، قارا قوساق، كورەلمەس، ئىچى قوتۇر ھەتتا ۋەھشى، بۇلاڭچى ئادەملەرمۇ بار. ئۇنداقلارنى بوسۇغىمىزغا يولاتمايلى، ئۇنداقلارنىڭ پېشى تېگىپ كەتكەن ئادەمنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ. ئەخمىدى ئۇنداقلارنى مۇنداق بىر شېئىر بىلەن ئەيىپلىگەن:

بىخرەتكىم ئۆزگىلەرنىڭ دەردى بىرلە شات ئىرۇر،
ئىستىمە ئاندىن ۋاپا ئۇ بارچىدىن ئازات ئىرۇر.

بۇ سۆپەتمۇ ئۇنداقلارنى تېخى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. دىلارا، بىز ئۇنداق ئادەملەردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرايلى...

— شۇنداق قىلايلى!...— دىدى دىلارا خانىم مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئەخمەق،— دىدى بەھرام سەئىدى ئايىلىنى سىلكىشلەپ،— بىمەنە چاغدا يىغلىغىنىنى قارا! نىمىگە يىغلايسەن؟

— بىلمەيمەن...— ئۇ تېخىمۇ قاتتىق يىغلىدى. ئۇ راست

گەپنى ئېيتتى. نېمىگە يىغلىغىنىنى ئۇ راستلا بىلمەيدۇ. نېمىشقا يىغلىدى؟

بۇنىڭغا ئەقىللىق كىتاپخانلارنىڭ ئۆزلىرى جاۋاپ بەرسۇن!...

1979 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# ناخشىچى

...پويىز بىر خىل تاقىلداپ كېتىۋاتىدۇ. خانىمىزنىڭ ئىشىگى يېپىلغان، دەرىزە پەردىلىرى قىيا ئېچىلغان، ئىشىك سىرتىدىكى كارىدۇردا ئاشخانىغا ماڭغۇچىلارنىڭ ئاياق تاۋۇشىمۇ تۇگىگەن، "تاقاق-تۇقۇق، تاقاق-تۇقۇق" قىلغان بىر خىل ئاۋاز، يۇمشاق ياتقۇنىڭ ئاستا تەۋرىنىشى ئانا بوشۇگۇمنى ئەسلىتىدۇ، مەن ئاتمىشتىن ئاشقان ئاقۋاش بوۋاي بولسامۇ، شۇ تاپتا ھوزۇر ۋە ئارامدىن بوۋاقتەك كۇلۇمسىرەيمەن، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز يۇمۇلماقتا...

— ناخشا، دۇتتار!...

مېنىڭ ھەمرىيىم يەنى مېنى بېيجىڭغا داۋالىنىشقا ئېلىپ كېتىۋاتقان يىگىت تەنتەكلىك قىلىپ ۋاقىرىدى. ئارامىمنى بۇز-غانلىقى ئۈچۈن رەنجىشكە توغرا كەلدى:

— يېشىڭىز قىرىقتىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىسىز، قىلىقىڭىز ئۈچ ياشلىق بالا...

مەن تام تەرەپكە ئورۇلدۇم.

— ئا جۇيجاڭ، ھوي ئا تىڭجاڭ، ناخشا، ناخشا ئېيتىۋاتقان يەردە نىمە ئۇيقۇ، نىمە خىيال!

ئۇ يەنە يېنىكلىك قىلىشقا ۋە چاقچاق بىلەن مېنىڭ خاپىلە-
غىمنى قايتۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ يۇمشاق ياتقۇدىن يەرگە چۈشتى
ۋە ساپما كەشنى شىپىلدىتىپ مېڭىشقا ۋە ھاياجان بىلەن سوز-
لەشكە باشلىدى:

—پويىزدا نىمە قىلىپ يۇرگەن سازەندە بۇ؟ ئەنە، تىڭشاڭ،
دۇتتار سازلاۋاتىدۇ...

پويىز رادىيو كانىيىدىن راستىلا دۇتتارنىڭ گوڭگۇلدىغان
ئاۋازى ئاڭلاندى، راستىمنى ئېيتسام، مەن ناخشا خۇمارى،
ھازىرمۇ پات-پات دۇتتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ ئوز ئاۋازىمدىن
ھوزۇر ئالىمەن، ئىككى سەر ئىچىۋالغان كۇنلىرىم بىر يۇرۇش
ناخشىلاردىن، مەسىلەن: «خان لەيلۇن» ياكى "يەتتە ئوزگە-
رىش"نى ئېيتىپ تۇگىتەلەيمەن. ناخشام ئوزەمگە قاتتىق تەسىر
قىلغان كۇنلىرى ئايىلىم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ-دە، ئۇھ
تارتىپ:

—رەمتى نەبىكامدەكلا ئېيتتىڭىزا، ئوپكەم ئورۇلۇپ، تاسلا
قالدىم بۇقۇلداپ يىغلىۋەتكىلى،—دەيدۇ. بۇنداق چاغدا مەن
دوستۇم نەبىنى ئەسلەپ كوزلىرىمنى نەمدىۋالىمەن. ئۇ گويا
دۇنياغا مېنىڭ كوڭلۇمنى ئېچىش ئۇچۇنلا يارالغاندەك، كېچە-
كېچىلەپ ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى، ساز چېلىپ كوڭلۇمنى ئالاتتى.
مەن ھازىر بېيجىڭغا بېرىپ داۋالىنىپ، ساقايغاندىن كېيىن يەنە
ناخشا ئېيتالامدىمەن، يەنە خوشال-خورام يىگىرمە-ئوتتۇز يىل
ياشىيالامدىمەن، لېكىن ئاجايىپ ناخشىلارنى قالدۇرغان دوستۇمچۇ؟

ئۇ ئۇز كوكۇلچەكلىگى بىلەن ماگا ئوخشاش قانچىلارنى خوشال قىلىپ ۋە ئاخىر ئارماندا قالدۇرۇپ، قىرىق نەچچە يېشىدا دۇنيادىن ئۆتتى. مېنى ناخشىچى قىلىپ قويغانلىغى ئۇچۇن، ھەر قېتىم ناخشىنىڭ گېپى چىقسىلا نەبى يادىمغا يېتىدۇ.

—پاھ! نىمە دىگەن مۇڭ!

ھەمرىيىم ھاياجان بىلەن ۋاقىرىدى. مەن بۇ قېتىم خاپا بولمىدىم. ئۇيقۇم قېچىپ، قۇلىغىمغا دۇتتارنىڭ تونۇش ۋە مۇگلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىغان ئىدى.

—تېچ ئولتۇرۇپ تىڭشاڭ سېلىمجان!—دىدىمەن ئاستا ئاۋاز بىلەن.

—يۈرەكنى غىدىغلاۋاتسا!... پاھ!...

ئۇ يەنە ۋاقىرىغان بولار ئىدى، لېكىن ناخشا باشلىنىپ كەتتى. ناخشا، مەن كوپ ئاڭلىغان لېكىن زادىلا ئاڭلاپ قانمىغان غۇلجا ناخشىسى، كىچىگىمدىن تارتىپ خوشاللىغىمنىڭ جارچىسى، قايغۇلىرىمنىڭ ئۇزاتقۇچىسى بولۇپ كەلگەن ناخشا. ئانا تۇپراقنىڭ ئاق نېنىدەك، تەمىلىك سۇيىدەك، سۇزۇك ھاۋاسىدەك، خۇددى لەززەتلىك، ئانا سۇتىدەك ھايات بەخش خەلق ناخشىسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ناخشا مېنى ئۇز كۇچى بىلەن بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇرۇپ، ئىلى دەرياسى بويىغا—بۇ يەردىن بەش-ئالتە مىڭ كىلومېتىر يىراقتا تۇرغان گۇزەل يېزامنىڭ باغلىرىغا ئاپىرىپ تاشلىدى: مەن شاختىن-شاخقا سەكرەپ تەمبۇر ئاۋازىغا مەس بولغان بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، قاتار-قاتار

تېرەكلەر ئاستىدىكى ئېرىق بويىدا بوك ئۆسكەن گۈلاۋاز، بول-دۇرگەنلەرنى كوردۇم، ئىلى دەرياسىنىڭ جانغا ئارام سۇيىگە چومۇلدۇم-دە، قايتىپ كېلىپ باغ ئارىلاپ شورىلاردىن، سۇڭ-گۈچلەردىن ئۈملەپ ئۆتۈپ، مىۋىلىك دەرەخلەرگە ياماشتىم...

تۇتاش باغلار، پايانسىز ئېتىزلاردا مەن ناخشا ئېيتمىغان قايسى يەر قېلىۋىدىكىن؟...

تونۇش ناخشا، تونۇش ئاۋاز ماڭا ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلمايدى-غان بىر يىگىتنى ئەسلەتتى: 17-18 ياشلارغا كىرگەن، ئاق كوينەك، قىزىل دوپپا، كوك ئىشتان ۋە پۇتىغا پايپاقسىز چوخەي كىيگەن بۇغداي ئۆڭلۈك، قاڭشالىق، ئۇزۇن كىرپىكلىك يوغان كوزلىرى ئۇيۇلۇپ تۇرىدىغان يىگىت دۇتتارنىڭ يۇزىگە ئىڭىشە-ۋېلىپ، ناخشا ئېيتماقتا. ئۇنىڭ ئاۋازى تاڭ سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل ئاۋازىغا ئوخشاش يېقىملىق، بۇلاق سۇيىدەك تازا ۋە شوخ ئىدى. مانا شۇ يىگىت كوز ئالدىمغا كەلدى.

كانايدا ناخشا ئېيتىۋاتقان شۇمىدۇ؟...

ناخشا توختىغاندا سېلىمجان ئالدىراپ شىبلىتنى كىيدى-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— مەن ئۇنى باشلاپ كېلىمەن!

سېلىمجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئەنسىزلىككە چۇشتۇم.

"شۇمىدۇ، ئەگەر شۇ بولسا قايسى يۇزۇم بىلەن كورۇشمەن؟ ئۇنىڭغا نىمىمۇ دەيمەن؟ ئوتكەن ئىشلارنى يۇزۇمگە سالمىغان

تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا مەنىلىك قاراپ قويۇشى مۇمكىنغۇ...“

ئۇتكەن خاتىرىلەر كۆز ئالدىمغا كەلدى.

... چارەك ئەسىر ئىلگىرى. مەن ئايىلىم ۋە قىزىمنى ئېلىپ غۇلجىغا دەم ئېلىشقا باردىم. ئەتىسىلا نەبى خادىك ھارۋا بىلەن مېنى يېزىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ كەلدى. مەنمۇ شۇنى خالايتتىم. نەبىنىڭ مېھماندوستلۇغى، ساز-ناخشىلىرى توغرى-سىدا گەپ سېتىش ئارتۇقچە. ئۇنىڭ لەتىپىگە ئۇستىلىغى، خۇش-چاقلىغى، كىشىگە ئارام بەرمەي كۈلدۈرىدىغانلىغى... مانا مۇشۇ-لارلا ھازىرغىچە مەن ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق. ئۇ چاقچاقتىن كېيىن تەرلەپ-پىشىپ ساز چالاتتى، ئادەمنىڭ يۈرىگىنى ئېزىدىغان ناخشىلارنى ئېيتاتتى. ئارىلىقتا ناخشىلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئېيتاتتى، بېيىتلارنى چۈشەندۈرەتتى، مۇقام شېئىرلىرىنى يېشىپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام، كۆڭلۈمنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلمەي قالاتتىم، كۆكۈل-كۆكسۈم ئېچىلىپ-يايراپ كېتەتتىم... شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مېنىڭ نازىرلىغىم ھورمىتىگە كەلگەن يايلاق، چاي، دەريا بويى، باغ سەيلىلىرىنى رەت قىلىپ، ئىككىلەنمەستىن دوستۇمنىڭ ھارۋىسىغا چىقتىم-دە، يېزىغا كەتتىم.

ئۇنىڭ سەككىز بالىسى ۋە مېھماندوست، ئۇچۇق-يورۇق، تىنىمسىز ئايىلى بىزنىڭ چىققىنىمىزغا چىن يۈرىگىدىن خۇشال

بولدى. شۇ ئاخشىمى ئۇ مال سويۇپ يۇرتقا چاي بەردى. ئەتىسىدىن باشلاپ بوستانلار، ئۈستەك بويلىرى، شاقىراتمىلار-نىڭ ئەتراپلىرى، باراڭ، پېشايۋانلار ھەتتا قوغۇنلۇقتىكى باراڭلاردا ئولتۇرۇش باشلاندى. سويۇلۇۋاتقان قوي، توكۇلۇ-ۋاتقان مېۋە، چېلىنىۋاتقان ساز، ئېيتىلىۋاتقان ناخشا، بولۇۋاتقان چاقچاق...مەن ئۇ چاغدا گويا بالىلىغىمغا قايتقاندەك بولۇپ قالغان ئىدىم: تاڭ سەھەرلىكى قىزىلگۈل غۇنچىسىنىڭ گۈل بولۇپ ئېچىلىشىنى كورۇش بۇلبۇلغا نېسىپ بولمىغىنى بىلەن، مەن ۋە نەبى ئىككىمىزگە تالاي قېتىم نېسىپ بولغان، ئېتىزدا ئايسىز ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئوتىدا يېتىپ بەس-بەس بىلەن ناخشا ئېيتىش بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كورىدىغان ئەمگىمىز ئىدى، بۇ قېتىم گۈلنىڭ ئېچىلغىنىنى كورمىگەن بولسامۇ، بىر قېتىم نەبى بىلەن خاماندا ياتتىم. ھەتتا گۈلخان يېقىپ كاۋا كومۇپمۇ يېدۇق...نەبى بىلەن ياشلىقنى، گۈزەل چاغلىرىمىزنى ئەسلەش-تۇق. چۈنكى بىز ئۇ چاغدا قىرىقتىن ئاشقان قىران ئادەملەر ئىدۇق. ماڭا قارىغاندىمۇ نەبى ياشلىق چاغلىرىنى ھاياجان ۋە كوز يېشى بىلەن ئەسلەيتتى. چۈنكى ئۇ ياشلىقى بىلەن مەندىن بۇرۇنراق خوشلاشقان—چاچ-ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان، كۇلكە كەتمەيدىغان ئوروق يۈزىنى، مېھرى-شەپقەت يېغىپ تۇرىدىغان كوزلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىنى قويۇق ۋە چوڭقۇر قورۇقلار بېزىگەن ئىدى.

—قارىغىنا، قىزىلقاچا ئۇرۇكتەك سۇزۇك تۇرۇپسەن، —

دەيتتى ئۇ ماڭا زوق بىلەن سىنچىلاپ قاراپ، — ئىككىمىز بىر ياشلىق، لېكىن مەن بوۋاي، سەن يىگىت، سەن دولەت كورسەك مېنىڭ بەدەن-بەدىنىم قوۋۇنۇپ كېتىدۇ ئابدۇل. ئېيتقىنا، كىچىك ماشىناڭدا هوزۇرلىنىپ ئولتۇرغىنىڭدا مەشچى ئاغىنەڭ نەبىنى ئويلاپ قويامسەن؟ ئويلايسەن، ئەسلەيسەن. مەن بىلىمەن، سېنىڭ ئاشۇ نازىرلىقنى تاشلاپلا مېنىڭ يېنىمغا كېلىۋالغىڭ كېلىپ كېتىدۇ، مەن يوق يەردە زېرىكىپ ئولىسەنغۇ دەيمەن، ئابدۇل!

مەن ئۇنىڭ دوستلۇق مېھرى ۋە ئىشەنچكە تولغان سوزلىرىنى ئاڭلاپ چىن كوڭلۇمدىن خوشال بولىمەن-دە، ئۇنى مۇردىسىدىن قۇچاغلايمەن:

— ناخشا ئېيتقىنا نەبى، ئېيتقىنا ئاداش، ناخشاڭ قۇلىقىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ، چىرايىڭ قېرىغان بىلەن ئاۋازىڭ بۇرۇنقىدەك تازا، يېقىملىق، ئېيتقىنا ئاداش، يۇرەك قانغىچە...

ئۇ بىردە يالغۇز دۇتتار بىلەن، بەزىدە دۇتتارنى ماڭا بېرىپ تەمبۇر بىلەن ناخشا ئېيتاتتى. مەن ئۇنىڭ تەمبۇرىغا دۇتتارنى تەڭكەش قىلىپ، قىسقا ياز تۈنلىرىنىڭ قانداق ئوتۇپ كەتكىنىنى سەزمەيتتىم. ئۇنىڭ تۈن بويى ئېيتىسىمۇ بىر قوشاقنى ياكى بىر ئاھاڭنى تەكرارلىماسلىقى، بىرسىدىن بىرسى مەنىلىك بولغان قوشاقلارنى ئەلى ناخشىلىرىنىڭ باي ئاھاڭلىرى بىلەن ئېيتىشى مېنى قىزىقتۇرۇپ، ناخشا ۋە سازنىڭ زور ئېقىمى ئىچىگە ئىختىيارسىز سورەپ ئېلىپ كىرىپ كېتەتتى...

كانايدىن ئاڭلانغان ناخشا نەق شۇ ناخشىنىڭ ئۆزى ئىدى.

سېلىمجان خانىگە ھاسىراپ يېتىپ كىردى:

ــ تاپتىم، ئا جۇيجاڭ، يېشى ئەللىككە تاقىغان، چاچ-ساقاللىرى ئاقارغان بىر ئەما ئادەمكەن، ــ دېدى ئۇ ئالدىراپ سوزلەپ، ــ ئادەمنىڭ ئېچى سىرىلىپ كېتىدۇ، 6 ــ 7 ياش بىر ئوغلى، ئايلى بىلەن بېيجىڭغا كوزنى داۋالىتىشقا مېڭىپتۇ.

ــ نىمىشقا ئىدارىسىدىن ئادەم قوشماپتۇ؟

ــ ئۆزىمۇ، ئايلىمۇ ئىشسىزكەن! ــ دېدى سېلىمجان مەيۈسلىنىپ، ــ ئۇنىڭ بايىقى خوشاللىغى، چاقچاقلىرىدىن ئەسەر قالمىغان ئىدى. بىز جىم بولۇپ قالدۇق.

ــ يول خىراجىتى، داۋالىنىش ھەققى... ئاسانمۇ؟ ئايلى ۋاقىتلىق ئىشلەپ قانچىلىك پۇل تاپقاندۇ؟ يىمەمدۇ، كىيمەمدۇ. قانچىلىك ئېشىنالىسۇن؟...نەدىكى سەيگۈيۈەنلەر نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇللارنى بۇزۇپ-چېچىۋەتسە، ھوكۇمەت كوتىرىدۇ. روھىي بايلىق يارىتىدىغان مۇنداق ئادەملەرگە قارايدىغان كىشى يوق...

سېلىمجان ئۆزىچە غودۇڭشىغلى تۇردى. ئۇ كىمگىدۇ نارازى بولۇپ، بىرلىرىنى جىملەيتتى. لېكىن مېنىڭ بۇنى بىلگۈم كەلمەيتتى.

ــ ئېتىنى سورىدىڭىزمۇ؟

ــ سورىدىم، ئېتى جانىكەن!

ــ جانى؟...

مەن چوچۇپ كەتتىم: ئاق كوينەك، قىزىل دوپپا كىيگەن 17 ــ 18 ياشلىق بالا دەرھال كوز ئالدىمغا كەلدى.

مەن تام تەرەپكە ئورۇلۇپ يېتىۋالدىم. بىر خىل ئىچىنىش، ئوز ئوزەمگە بولغان غەزەپ-نەپرەت پۈتۈن بەدىنىمنى ئوت بولۇپ ئورتەشكە باشلىدى. چىرايىم قانداق بولۇپ كەتتىكىن، ئىش قىلىپ سىڭلىمجاننىڭ كورمەسلىكىنى خالايتتىم...

بۇ قارغۇ بالا ئاشۇ نەبىنىڭ ئوغلى جانى بولۇپ چىقسا، مەن ئاغىنەم ئالدىدا، خەلقىمىز ئالدىدا ئەيىپلىكمەن، كەچۈر-گۈسىز ئەيىپ شۇ تاپتا مېنىڭ گەجگەمدىن تۇلۇق تاشتەك باسماقتا. "بەلكىم ئەمەستۇ، جانى بەلكى بەختلىك بولغاندۇ..."

ــ ئا جۈيجاڭ، جاننىڭ ئايلى ئاجايىپ ئايالكەن. جاننىڭ نە خىزمىتى، نە پۇلى، نە كوزى بولمىسىمۇ، ناخشىسىغا ئاشىق بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپتۇ. قىسقىسى، ئوزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى بىر بەختسىز ناخشىچىنىڭ كوڭۇل ئارامى ئۈچۈن سەرپ قىپتۇ. قاراڭا، خەلقىمىز ناخشىنى قانداق قەدىرلەيدۇ ھە! لېكىن شۇ يېرى ياخشى ئەمەس، ئا جۈيجاڭ، بەزىلەر ھەتتا بىزنىڭ بەزى باشلىقلىرىمىز ناخشىغا ئۇلگۇدەك ئامراق، ناخشىچىغا بولسا ئۇچ!

ــ ئۇخلىغىلى قويسىڭىزچۇ!...

ئۇ جىمىپ قالدى. لېكىن مېنىڭ بېشىم ئايلىنىشقا، كوزۇم قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. دىمەك قان بېسىمىم ئورلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بايىقى سوزى ماڭا بۇنچىلىك قاتتىق تەسىر قىلد-

دىغىنىنى بىلگەن بولسا، ئۇ گەپ قىلمىغان بولار ئىدى...

مېنىڭ كوز ئالدىمغا يەنە ھېلىقى قىزىل دۇخاۋا دوپپا كىيگەن، نومۇسچان كوزلىرىنى دۇتتارنىڭ يۈزىدىن نېرى قىلمايدىغان يىگىت كېلىشكە، ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق ئىشلار بىرمۇ-بىر ئوتتۇشكە باشلىدى:

...نەبى نومۇسچان ئوغلىنىڭ بىلىگىدىن تۇتۇپ مېنىڭ ئالدىمغا ئەكەلدى ۋە باراڭ ئاستىدىكى كىگىزگە يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى:

— ئىسمى جانى، نىمشقا جانى قويغىنىمنى ناخشىنى ئاڭلاپ بىلىسەن. قول- قىسقا بولغاچقا ئوقۇتالمىدىم. ئەمما ناخشىلىرىمنى ئۇگىنىۋاتىدۇ. ئېيىت بالام، ئۇيالما، ئوز داداڭ، مەن ئىسمىنى قۇلىغىڭغا قۇيۇۋەتكەن ئادەم شۇ. مەندىن كېيىن قالساڭ بېشىڭنى سىلايدۇ، ئېيىت بالام، ھۇنىرىڭنى كورسەت، ياراپ قالساڭ چوڭ يەرلەرگە كېتىپ قالامسەن تېخى!

بالا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ھودۇقۇپ-تەمترەپ دۇتتارنى سازلىدى-دە، پوكاندەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ پىشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىشقا باشلىدى، ئۇ دۇتتارنى چالدى ۋە بېشىنى دۇتتارنىڭ يۈزىگە ساڭگىلىتىۋېلىپ ناخشا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى دەسلەپ تىترەپ چىقتى، كېيىن بىردىنلا ناخشىدىن كەلگەن چەكسىز ئىلھام ۋە قۇۋۋەت بىلەن ئۇ ئوزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقىنىنى ئۇنتۇدى. ئۇ «لەيلۇن» ناخشىلىرىنى ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان نازۇك ھىسسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يات ۋە ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك ساپ ۋە تەبىي، گوياكى ياش دەرەخنىڭ نوتىسىدەك ئەۋرىشىم ۋە مەي بولۇپ پىشقان كوكچىنىڭ شىرنىسىدەك شىرىن ئىدى، خۇددى يىراقتىن ئاڭلانغان نەي ئاۋازىدەك، كىشىگە بىر خىل ھوزۇر ۋە ئارام بېغىشلايتتى. ناخشىنىڭ ئەۋجىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىڭەكلىرى بىلىنەر-بىلىنمەسلا مىدىرلاپ قوياتتى، يا تومۇرلىرى كوپمەيتتى، يا قىزارمايتتى، ناخشىنىڭ سېھىرلىك كۈچى بىلەن بېشىم چۆشۈپ كەتكىنىنى سەزمەپتىمەن، ناخشا توختىغاندا قارىسام، ئايىلىم كوز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپتۇ. 16 ياشلىق ئوماق قىزىم ئانىسىنىڭ مورىسىگە نازۇك قوللىرى بىلەن تايىنىپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېتىپتۇ.

مانا شۇندىن باشلاپ مېنى ئويغا سالىدىغان ئىشلار بولۇشقا باشلىدى. قىزىم پات-پاتلا دۇتتار ئۆگىنىمەن دەپ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىۋالىدىغان، ئۇنىڭ يەردىن يۇقۇرى بولمايدىغان يۈزىگە تەلمۈرۈپ قارايدىغان، خالى يەرلەردە ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى غىڭشىيدىغان بولۇۋالدى... مەن قىزىمدىكى ئوزگىرىشنى سېزىپ، بىر كۈنى ئانىسىغا پۇراتتىم:

— گۈلنار نىمانچە خىيالچان بولۇپ كەتتى؟...

— ھەممىنى قىلغان ئوزىڭىز... مۇشۇ يەرگە چىققىغان بولىساق، شۇ بالا يوق. قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەيدىغانلا بولۇپ قالدى... يالغۇز قالسا كىتاپمۇ ئوقۇمايدۇ... جانى ئېتىزدىن

كەلگىچە دەرىزىگە تايىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنى ئولتۇر-
غان. توۋا، جانىمۇ كىلىدۇ، كېپىنەكتەك باققا قاراپ يۈگرەيدۇ،
ناخشا، كۈلكە، گۈلەڭگۈچ، ئوسما، ئەيىنەك... ۋايۋۇي، قىلى-
دىغان قىلىق تاپالماي قالىدۇ.
—تېزرەك كېتەيلى!—دىدىمەن خاپا بولۇپ،—بۇنداق
تەنتەكلىكنى بىلگەن بولسام، غۇلجىغا ئەكەلمەيتتىم. ھەلىمۇ
ياخشى، جانىمۇ بىر قىز بالىدەكلا يۈزى توۋەن بالىكەن،
ئۇرۇمچىگە كەتسەك تېزلا ئۇنتۇپ قالىدۇ!
بىز مۇددەتتىن ئون كۈن بۇرۇن شەھەرگە، شەھەردىن
ئۈرۈمچىگە قايتتۇق. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، قىزىمىزنى
قاچۇرۇشقا توغرا كەلدى. مەن يالغۇز قىزىمنىڭ بىر ساۋاتسىز
بالىغا كوڭۈل بېرىشىنى خالايتتىممۇ؟ مېنىڭ قىزىم كېلەر يىلى
ئونىنچىنى، يەنە ئۈچ-توت يىل ئوقۇپ ئالى مەكتەپنى تۈگە-
تىشى، مورتى كەلسە چەتئەلگە چىقىشى لازىم، ئۇنى پارلاق
ئىستىقبال كۈتىدۇ، جانىنىچۇ؟ ئېتىز، كەتمەن، خامان!...
قىزىم بۇنى ئويلىمىغان بىلەن مەن ئويلايمەن-دە! ياشلىق
ھىسسىياتىنى دەپ گۈزەل ئىستىقبالنى قۇربان قىلىش قىزىم
ئۈچۈن كوڭۈللۈك بولغىنى بىلەن مېنىڭ ئۈچۈن ئازاپ-دە!...
لېكىن شۇندىن باشلاپ قىزىمنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ كەتتى،
ئۇ كەم سوز، خىيالچان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايلىق كوز-
لىرى ۋاقىتسىز ئولتۇرۇشۇپ، ئوماق بۇرنى قىڭراقتەك قىرلىق
بولۇپ قالدى. مېنىڭ تەجرىبىلىك كوزلىرىم بايقىدى: قىزىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھىجران ئازاۋىدا ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى، ئازاپلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئەنە شۇنىڭ كاساپىتىدىن قىزىم ئۇنىنچى سىنىپنى ئەلا پۈتتۈرۈش ئورنىغا ياخشى پۈتتۈرۈپ قالدى...

قىزىم ئالى مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا بارغاندا ئاندىن ھېلىقى ئازاپلاردىن قۇتۇلۇپ، خېلى تېتىكلىشىپ قىلىۋىدى، يەنە تۇيۇقسىزلا ئۇچكەن چۇچۇلا گۈكىرەپ يېنىشقا باشلىدى:

بىر كۈنى ئويىمىزگە تۇيۇقسىزلا خورجۇن-قاچىسىنى كۆتىرىپ جانى كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ھېلىقى ئۇياتچان كۆزلىرى ھازىر يىگىتلىك غۇرۇرى بىلەن تولغان، تولۇق ۋە چىرايلىق يۈزى دادىسىنىڭ ياشلىقىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ چايدىن كېيىن يېزا سوغا-سالاملىرىنى بىزگە سۇنغاندىن كېيىن مۈگدىلىنىپ يەرگە قارىدى:

— دادام بولغان بولسا بۇنداق قۇرۇق يولغا سالمايتتى، دادامنىڭ ئۆلۈمى بىزنى توزۇتۇۋەتتى...

مەن نەبىرىنىڭ ئۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئەمدىلا ئاڭلىدىم، ياشلىرىم تاراملاپ ئاقتى. ئوغلىغا قىزىم ئاشىق بولۇپ قالغىنىغا ئاچچىق قىلىپ ئۇنىڭغا خەتمۇ يازمىغان ئىدىم، قىلغان بۇ ئىشىمغا قاتتىق ئوكۇندۇم.

— ھە، دىگەن بىلەن سەن بولساڭمۇ كېلىپ يوقلىدىڭ مانا!...—ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن مەن شۇنداق دىدىم.

— دادام سەكراتتا يېتىپمۇ سىزنى تىلىغا ئالدى، —دىدى جانى چۇچىلىق ياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى ئېيتىپ، —تېخى

ئېغىر كېسەل ياتقاندا بىر كۈنى سىز ياخشى كورىدىغان «لەيـ
لۈن»نىڭ ئۈچىنچى ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتتى...

يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلدى. قەدىردان دوستۇم ئەمدى ماڭا ناخشا ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، تېخى ئۇنىڭ ئېيتىپ تۈگەتەلمىگەن ناخشىلىرى بار ئىدى، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ قىرىق نەچچە يىللا ياشىدىغۇ!...

جانى ئەسلى كورەككە كەلگەن ئىكەن. ئۇنى ئۈرۈمچىدە ئېلىپ قاپتۇ. قېرىشقاندەك مەن شۇ يىلى مۇشۇ مەدەنىيەت ـ تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ يوتكەلدىم. دېمەك ئۇ مېنىڭ قول ئاستىمدا بولۇپ قالدى.

ئۇ پات ـ پات بىزنىڭكىگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇردى. بۇ كۈنـ لەردە قىزىم قايتىدىن تولۇپ ـ ئېچىلىپ، تېتىكلىشىپ كەتتى... مېنىڭ ئۈچۈن ئېغىر كوڭۈلسىزلىكلەر باشلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر يىلغا قالمايلا جاننى يامان كورۈپ قالدىم. مەن ئايىلىمغا ھەتتا:

ــ ئۇنىڭغا ئۇچۇق چىراي ئاچما، ئۇنى بوسۇغىغا يولاتما! ــ دەپ بۇيرۇق بەردىم.

مېنىڭ بۇيرۇغۇم قانچىلىك كۈچ كورسىتەلىسۇن؟ مۇھەبـ بەتنى، ياشلار ئارىسىدا بولىدىغان سويگۈ تەشنالىقىنى بۇيرۇق بىلەن يوقاتقىلى بولاتتىمۇ؟ مەن بۇنداق قىلىشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ يەنىلا شۇنداق قىلدىم: قىزىمغا ئايىلىم ئارقىلىق جاننى كوڭلىدىن چىقىرىش توغرىلىق بۇيرۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەردىم.

كىچىگىدىنلا مېنىڭ سۆزلىرىمنى مۇقەددەس قانۇن ۋە ئۇز ھەركىتىنىڭ يېتەكچىسى دەپ بىلىشكە ئادەتلەنگەن قىزىم جانىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن مەن قىزىمنى ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى قاپىغى ئىششىغان، روھى چۈشكەن، چىرايى سارغايغان ھالەتتە كورەتتىم، دىمەك ئۇ كېچىچە يىغلاپ چىقاتتىكەن-دە. لېكىن قىزىمنىڭ كوز يېشى، ئانىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى مېنىڭ ئىرادەمنى قايتۇرالمىدى، چۈنكى مەن قىزىمنىڭ ئىستىقبالىغا، ئۆز ئابرويۇمنىڭ دەخلىسىز بولۇشىغا ئىگە بولىدىغان ئاتىمەن.

— تۇۋا، نىمىسى يارىمايدۇ؟ — دىدى ئايىلىم بىر كۈنى خورسىنىپ، — جانىمۇ ئەمدى ساۋاتسىز دىخان ئەمەسقۇ؟

— ھە، نىمە دىمەكچىسەن؟ — مەن ئايىلىمغا دوق قىلدىم، — ئۇستىۋېشىغا كاستۇم-بۇرۇلكا، بېشىغا ئاچامالىمخاي كىي دىمەكچىمۇ؟ نازىرنىڭ كۆيوغلى باشقىلارنىڭ كوڭلىنى ئاچىدىغان ئەمەك بولسا يۈزۈك قىزارمامدۇ؟

— ئۆزىڭىزمۇ ناخشا خۇمارىغۇ؟

— مەن ناخشا خۇمارى، ئەمما ناخشا، سازنى ئومۇرلۇك كەسىپ قىلىدىغان نان قېپىلارنىڭ دۈشمىنى!

— نەبى... ئەمىسە...

— بولدى قىل!

ئايىلىمغا قاتتىق ۋاقىرىدىم. ئايىلىم چوچۇپ، ئەنىدىكىپ،

كوزلىرىمگە قارىدى، ئۇنىڭ قوي كوزلىرىدىن مولدۇرلەپ ياشلار قۇيۇلدى. ئۇ قولى بىلەن يۈزىنى توراپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى ۋە ئاشخانىغا چىقىۋېلىپ:

— ھېلىمۇ يالغۇز قىز بولغىنى، بىلسە جانىمۇ ئوز بالىسىغۇ.. ئاغىنىسىنىڭ روھى خوش بولۇپ قالماسمىدى؟... بېشىنى سىلىغىنى مۇشۇمۇ ئەمدى؟...— دېدى.

مېنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىدى. شۇ كۈنى كېچىسى بىر ئاغىنەمنىڭكىدىن غەرق مەس بولۇپ پىيادە قايتتىم. كوچا جىمجىت، شىلدىرلىغان ياپراقلاردىن باشقا ھېچ ئاۋاز يوق، غۇۋا ئاي يورۇغىدا قول سېلىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن. مەندە ھېلىقى خاپىلىقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. بىزنىڭ دەرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەرەخلىقتىن بىرسى مەس ئاۋازى بىلەن مېنىڭ ناخشامغا قوشۇلدى. ئۇ بىردە غىڭشىپ، بىردە ئەسەبىلەرچە ئۇنلۇك ۋاقىراپ قوياتتى. تۇرۇپ-تۇرۇپلا بىرسىنى تىللايتتى، ئوزىچە غودۇڭشىيتتى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم ۋە دەلدەڭشىپ تۇرۇپ ياخشى كورىدىغان ناخشام «لەيلۇن»نىڭ ئۈچىنچى ناخشىسىنى ئېيتتىم. مەس بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى-دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى، مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ دۈمبىسىنى دەرەخقە چاپلاپ، بېشىنى چاتىرىغىغا ساڭگىلىتىپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ بېشىنى ئاستا كوتەردىم. ئۇ كوزىنىمۇ ئاچالمايتتى. مەن سەسكىنىپ كەتتىم، بۇ جانى ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ قىلىغى ماڭا قاتتىق ھار كەلدى، بىر نومۇسچان يىگىت مېنىڭ قىزىم ئۇچۇن بۇگۇن توپىغا مىلىنىپ ياتماقتا. مەن غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. ھاراق ۋە ناخشىدىن تاپقان خوشاللىقىم شۇنىڭ بىلەن توزغاقتەك توزۇپ تۈگىدى...

ئارىدا ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن...

شۇ چاغدا سېلىمجان يۇمشاق ياتقۇدىن چۈشۈپ يەنە ئايەغىنى كىيدى-دە:

— ئا جۇيجاڭ، مەن ھىلىقى جاننى باشلاپ كېلىمەن! — دەپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ياق، مەن ئۇنىڭ كېلىشىنى خالىمايمەن، ئۇ نەبىنىڭ بالىسى ئاشۇ جانى بولۇپ قالسا، بۇ بىر قورقۇنچلۇق ئىش بولمامدۇ؟

...شۇنداق قىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن تۆۋەنكى ئىدارىلەردىن بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ مەسىلىلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدا دوكلاتلار كەلدى. مەن بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغاچقا، بىرمۇ-بىر قول قويۇشۇم لازىم ئىدى. بىردىنلا "جانى نەبى" دىگەن ئىسمىنى كورۇپ قالدىم. قوللىرىم لاغىلداپ تىترىدى. ئۇنىڭ ماتىرىيالىنى ئوقۇپ چىقتىم. ماتىرىيالدا "پارتىيىگە قارشى" دىيىلگەن گەپ-سوزلەر ئەمىلىيەتتە ماڭا قارشى گەپ-سوزلەر ئىدى. ئۇزاق ئىككىلەندىم، نەبىنىڭ مېھرى-مۇھەببەتلىك چىرايى، ئايىلى ۋە بالىلىرىنىڭ ماڭا بولغان ھورمىتى، مېھماندوستلۇغى بىرمۇ-بىر كوز ئالدىمغا

كەلدى. مېنىڭ قەلبىمىم ئىككى ئېغىز سوزنى ئوشۇق يازسىلا ئۇنىڭ تەقدىرى باشقىچە بولاتتى. قانداق قىلاي؟ پېشانەمدىن بۇژۇلداپ تەر چىقتى. ئۇزاق ئويلاندىم. ئاخىر قىزىم كوز ئالدىمغا كەلگەندىلا ماڭا جۇرئەت پەيدا بولدى-دە، "خەير نەبى، مېنى كەچۇرگىن، ئوغلۇڭ ئوزىنىڭ دىخانچىلىقنى قىلمىسا بولمايدىكەن، چۇنكى سېنىڭ بالاڭنىڭ ئىستىقبالىنى دىسەم، ئوز بالام ئىستىقبالسىز قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئەپۇ قىل دوستۇم، ئوغلۇڭ ئوزەڭنىڭ ئىزى بىلەن ماڭسۇن، سەنمۇ ئوز يېزاڭدا ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ ياخشى ئوتۇۋىدىڭغۇ، ئوغلۇڭغا بەخت تىلەيمەن، ئوغلۇڭ خىزمەتتىن ھەيدەلسۇن..." دەپ ئوز ئوزەمگە تەسەللى سوزى ئېيتتىم-دە، تووەنىنىڭ پىك-رىنىڭ ئاستىغا "قوشۇلىمەن" دەپ قول قويدۇم...

سېلىمجان قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرسىنىڭ شىپىلداپ ماڭغانلىقى ئاڭلاندى:

—ئا جۇيجاڭ، مانا بايىقى ناخشچى جانى، مانا بالىسى!

سېلىمجان ئۇلارنىڭ ئالدىدا يوگرەپ كىرىپ خوشاللىقىدا نىمە قىلارىنى بىلمەي تىپىرلاپ يۇرەتتى. مەن ياتقۇدىن چۇشتۇم. ئالدىمدا بىر ئادەم ۋە ئۇنى يېتىلىگەن 6-7 ياشلىق بىر بالا تۇراتتى. مەن ئېنىق كوردۇم، ئالدىمدا جانى ئەمەس، نەبى تۇراتتى، باشلىرى ئاقارغان، كوزلىرىنىڭ قۇيرۇغىنى قويۇق ۋە چوڭقۇر قورۇقلار چىرمىغان، لېكىن بۇ كوزلەر خۇنسىز ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭدىن كوزۇمنى

قاچۇردۇم ۋە پەس ئاۋاز بىلەن:

— كەل بالام، پويىز ياخشىمىكەن... — دېدىم، بالا دادىسىنىڭ كەينىگە موكۇپ تۇرۇپ، مونچاق پاتۇرۇپ قويغاندەك مولدۇرلەپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا كۆلۈمسىرەپ قارىدى.

— بالام ئىسمىڭ نېمە؟

— ئابدۇل!

يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى. بۇ مېنىڭ يېزىمىزدىكى ئىسمىم ئىدى. ھازىر مېنى "ئا جۇيجاڭ"، "ئا تىڭجاڭ" دېيىشىدۇ، ئىسمىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىك ئادەملەر تېخى بىلمەيدۇ.

مەن بالىغا سىنچىلاپ قارىدىم. بالا دادىسىنىڭ ياشلىق ۋاقتىغا يەنى مۇنۇ بوۋاي شەكلىگە كىرگەن جانىنىڭ بالىلىق ۋاقتىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. مەن ئۆزەمنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالدىم: مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى "قوشۇلىمەن" دەپ يازغان بىر ئېغىز سوزۇم مۇنۇ جانىنىڭ تەقدىرىنى قانداق ئۆزگەرتىۋەتكەن-ھە؟ مەن قول قويغان ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا بەخت تىلىگەن ئەمەسمىدىم؟ قېنى ئۇ بەخت؟ ۋاقىتسىز چۈشكەن قورۇقلار، ئاپپاق چاچ، دۈمچەيگەن گەۋدە... مۇشۇلار بەخت بەلگىسىمۇ؟ قېنى بالىنىڭ يېقىملىق چىرايى؟ قېنى ئۇنىڭ ئويناق، ئۇياتچان كۆزلىرى؟ مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم. گويا ئۇ ئاشۇ قورۇلۇپ قالغان، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن مېنى كۆرۈپ تۇرغاندەك، مېنى جىمىلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا

باشلىدى. مېنىڭ بىردىنلا بېشىم ئايلاندى...

— ئا جۇيجاڭ، دورا ئىچىڭ!... — دېدى سېلىمەجان مېنى يۆلەپ، — غەلىتە بولۇپ كەتتىڭىز... سىزگە كورسەتمىسەم بوپتىكەن... ھەرقانداق ۋىجدانلىق ئادەم بۇلارنى كورسە بىئارام بولىدۇ...

ئۇ مېنى يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، پويىز دوختۇرىنى چاقىردى. راست دېگەندەك، قان بېسىمىم ئورلەپ 200 دىن ئېشىپ كەتكەن ئىكەن... ئەتىسىدىن باشلاپ، سېلىمەجان ماڭا جانىي توغرىسىدا گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى. لېكىن پات-پاتلا بىر-ئىككى سائەت يوقاپ كېتەتتى ۋە روھى چۈشكەن، خاپا بولغان ھالدا قايتىپ كېلەتتى. ئۇرۇمچىدىن بېيجىڭغا كەلگىچە بولغان ئۈچ كېچە، توت كۈندۈزلۈك سەپەر ئەنە شۇنداق خاپىلىق ۋە جىمجىتلىق بىلەن ئاخىرلاشتى.

بىزگە مەخسۇس كىچىك ماشىنا كەلگەن ئىدى. ماشىنىغا چىققىش ئالدىدا سېلىمجان ماڭا:

— ئا جۇيجاڭ،... سىز مېھمانخانىغا بېرىپ تۇرالامسىز؟ مەن...

— ھە، جانىنى ئورۇنلاشتۇراي دەمسىز؟

— بىز قارىمساق كىم قارايدۇ، جۇيجاڭ؟ — دېدى سېلىمجان خىجىل بولۇپ، گويا يوشۇرۇن ئىشى ئاشكارىلىنىپ قالغان ئادەمدەك دۇدۇقلاپ، — ئۇلار بېيجىڭنى بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ...

— شۇنداق قىلىڭ، مەڭ، مۇنۇ پۇلنى ئۇلارنىڭ خىراجىتىگە

ئىشلىتىڭ!

مەن ئۇنىڭغا بىر كاللەك پۇل سۇندۇم.

— ئا جۇيجاڭ بۇ....

— ئىشلىتىڭ، يەتمىسە يەنە ئىلاجىنى قىلارمىز!

سېلىمجان شۇنچىلىك خوشال بولدىكى، مەن ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ياش ئەگمەنلىگىنى بايقىدىم.

"قانداق قىلاي، يوشۇرايمۇ ياكى خاتالىقلىرىمنى ئۇستۇمگە ئېلىپ ئەپۇ سورايمۇ؟ ئەپۇ سوراش ئۇنىڭغا قانچىلىك ئارام بولار؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ كوزى قانداق قىلىپ قارغۇ بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭ ماڭا مۇناسىۋىتى يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە ماڭا بۇنى بىلىشنىڭ هاجىتى يوق. تاياق، ياكى تۈرمە... كىملەر كورمىگەن؟ مەنمۇ بۇ نەرسىلەرنى كوردۇمغۇ؟... دىلى ئازار يىمىگەن كىم قالدى؟"

لېكىن قانداق ئويلىساممۇ ئوزەمنى ئاقلىغۇدەك بىر سوز تاپالمىدىم. مېنىڭ بىرلا ئېغىز سوزۇم— "قوشۇلىمەن"نىڭ ئاستىغا ئىسمىمنى ئوز قولۇم بىلەن يازغانلىغىم ئۇنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاساسىي سەۋەبى، بۇنىڭغا زادىلا گەپ سىغمايدۇ. ئەمدىكى گەپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش، هىلىهەم بولسىمۇ ئۇنى رازى قىلىش، كوزىنىڭ ساقىيىشى، بالىلىرىنىڭ، قېرى ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ياخشى كۈن كورۈشى ئۈچۈن ياردەم ۋە ئاتىدارچىلىق قىلىش، مۇشۇ يول بىلەن ۋىجدان ئازاۋى بىلەن پەيدا بولغان يۈرەك يارىسىنى

ساقايتۇپلىش... مەن بۇنى قىلالايمەن، چۈنكى مەن ھازىرمۇ سوزۇمنى ئاقتۇرالايدىغان، ئىمتىيازلىق ئادەممەن.

* * *

— رادىيو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ناھايىتى كويۇمچان ئادەمكەن، ئا جۇيجاڭ، جانىنىڭ ناخشىلىرىنى توت قېتىم ئۇنالغۇغا ئالدى، جانىنىڭ ئەمگەك ھەققى ئۇچۇن توت يۇز نەچچە سوم پۇل بەردى، سىزنىڭ يۇزىڭىزنى قىلدى-دە، ئا جۇيجاڭ، ھەمملا باشلىق، سىزدەك كويۇمچان بولسا، ئادەملەر قانداق بەختلىك بولغان بولار ئىدى؟ لېكىن... ھەي...

— سېلىمجان، سىز ھىلىقى دوكلاتنى ئېلىپ مۇناسىۋەتلىك يەرلەرگە يوللاڭ، بىز كەتكىچە جانى ھوكۇمەت ئىشتاتىغا ئوتتۇۋالسۇن، بېيجىڭدىن كوزى ساقىيىپ بارسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوزى خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ ئالسا، ئۇنىڭ خەلققە تېگىدىغان پايدىسى كوپ بولىدۇ. مەن بىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن سوزلىشىپ ھەممىنى پۇتتۇرۇپ قويدۇم. سىز رەسمىيەتلىرىنى ئوتەشكە ماڭسىڭىزلا بولدى.

مەن جانىنى ھىلىھەم بولسىمۇ بەختلىك قىلماقچىمەن. مانا ئالدىمدا ئۇنالغۇ تۇرۇپتۇ. رادىيو ئىستانسىسى ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىن ماڭىمۇ بىر نۇسخا ئېلىپ بەردى. قانداق ناخشىلارھە؟ مېھمانخانىنىڭ ئايرىم خانىسىدا كىرسلودا چوكۇپ ئولتۇرۇپ، سائەت-سائەتلەپ، قايتا-قايتىلاپ ئاڭلايمەن... ناخشامېنى بېيجىڭدىن بەش مىڭ نەچچە يۇز كىلومېتىر يەرگە يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلى دەرياسى بويىدىكى ساپ ھاۋالىق، بوك ـ باراخسان باغلارغا، سالقىن شامال، شوخ سۇلىرى جانغا ئارام بېرىدىغان يېزامغا ئېلىپ كېتىدۇ. مەن كوزۇمنى يۇمۇۋېلىپ ياشلىغىمغا قايتىمەن. ئاجايىپ گۈزەل چاغلار...

دوختۇرخانا، مېھمانخانا، يەنە دوختۇرخانا...كۈنلەر زېرىكىشلىك ئۆتمەكتە. لېكىن مەن ھەر قېتىم پۇرسەت تېپىپ جانىنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل تۇگىمەس لەززەت، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغىنىنى سېزىمەن. راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ تېزرەك ساقىيىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىشىمدە تىببى داۋالاش بىلەن بىللە جانىنىڭ ناخشىسىمۇ چوڭ رول ئوينىدى.

مەن بىرنەچچە ئايدىن كېيىن دوختۇردىن چىقىپ قايتىشقا تەييارلاندىم.

ــ جانىنىڭ كوزىنى داۋالاۋاتىدۇ، ــ دىدى سېلىمجان ماڭا خوشال بولۇپ. ــ ساقىيىپ كېتىشىگە ئۇمىت چوڭ. سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن ئۇنىڭ خىزمەت مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. تۇنۇگۈن 1 ـ قېتىم ئايلىق ئالدى. ئۇ تولىمۇ خوشال. سىزنى سۇرۇشتۇردى، ئا جۇيجاڭنىڭ ئايلىنىڭ ئېتى نىمە؟ ئۇزىنىڭ ئىسمى ئابدۇلمۇ؟... ــ دەپ سوراپ كەتتى.

ــ سىز نىمە دىدىڭىز؟

ــ مەن...مەنما؟

ــ بىلىپ قويۇڭ، مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇل ئەمەس، ئۇنىڭ

سۇرۇشتۇرگەن ئادىمىمۇ مەن ئەمەس.

سېلىمجان ئۇچۇن بىزنى تېپىشتۇرۇش قانچىلىك كۆڭۈللۈك بولسا، مېنىڭ ئۇچۇن شۇنچىلىك قايغۇلۇق ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن ئۆزەمگە ئازاپ تېپىۋالماسلىق ئۇچۇن سىر ساقلىشىم لازىم.

* * *

يۈرەك يارىسىنى داۋالايدىغان دوختۇر بارمىدۇ؟ ئازار يېگەن دىل ئۇچۇن ئازار بەرگۈچىنىڭ پۇشايمان قىلىشى، تەسەللى بېرىشى قانچىلىك ئارام بولار؟ بۇ خۇددى دارغىغا شۈك چىقىرىش، قېرىغان يۈرەكنى ياشارتىشقا ئۇرۇنغاندەكلا بىر ئىشكەن. ئازار يېگەن يۈرەكنىڭ يارىسىنى ساقايتىمەن دەپ، ئۆتكەن ئىشلارنى يادىغا سېلىۋەرسەڭ، ئۇ يارا تېخىمۇ يامانلىشىدىكەن...

مەن بېيجىڭدىن ساقىيىپ قايتتىم. كەلگەندىن بېرى ئۆيدىكىلەرگە جانى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدىم. لېكىن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدىم. يېقىندا سېلىمجان جانىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، كۆزى ياخشى بولمىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن قېرىلارغا خاس بولغان يۇمشاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇنىڭغا ئېچىندىم. ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى ئەسلەشنى ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئارامى بىلىدىغان بىزدەك قېرىلار ئۇچۇن، سادىق دوستلارنى، پۈتۈن ھاياتىدا ساڭا بەخت ۋە خوشاللىق كەلتۈرۈش ئۇچۇنلا ئىنتىلگەن كۆڭۈلچەك دوستلارنى ئەسلەش تولىمۇ

كوگۈللۈك ئىش.

مەن ھەر كۈنى كەچقۇرۇن يالغۇز خانەمدە ئولتۇرۇپ ياشلىقىمنى، قىممەتلىك دوستلىرىمنى ئەسلەيمەن. مانا شۇنداق قىلىپ، ئۇلۇم ۋەھىمىسى بىلەن دەككە-دۈككىگە چۈشىدىغان كوگۈلسىزلىكلەرنى نېرى ھەيدەيمەن.

خىيالمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر بايلىق. ئىنسان خىيال بىلەن مۇرات-مەقسىدىگە يېتىپ، ئۆزىنى بەختلىك قىلالايدىغان خىيالپەرەست مەخلۇق.

كوزۈمنى يېرىم يۇمدۇم. پىيالىدىكى قايناق چايدىن چىقىۋاتقان يۇمشاق ھور بىردىنلا ئاق بۇلۇتقا ئايلاندى، ئۇ بۇلۇتلار تاغنىڭ چوققىسىغا قونۇش ئۈچۈن تووەنلىدى. مەن خىيال قاناتلىرىم بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدىكى قويۇق توقايلىققا چۈشۈپ، كىگىز ئۈستىدە يامپاشلاپ ياتتىم. ئالدىمدا دەريا شاۋقۇن بىلەن ئېقىۋاتىدۇ، بېشىمدىكى تال شېخىدا بۇلبۇل مەس بولۇپ سايراۋاتىدۇ، قەدىردان ئاغىنەم نەبى مېنىڭ كوگلۇمنى كوتىرىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۇتتار چېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قارايغان، قاتمال بارماقلىرىدىن كوزگە كورۈنمەيدىغان، ئادەمنىڭ يۈرىكىگىلا بېرىپ تېگىدىغان ئاۋاز دولقۇنلىرى ئاجرىلىپ چىقىدۇ-دە، سېھىرلىك كۈچ بىلەن ئادەمنى مەس قىلىدۇ، بۇلبۇل نىمىشقا شاختىن-شاخقا سەكرىمەسۇن، نىمىشقا چاڭلىداپ سايرىمىسۇن... مانا نەبى ناخشا ئېيتماقتا. ۋوي، نىمىشقا بېشىنى دۇتتارنىڭ يۈزىگە يېقىۋېلىپ

ئېيتىدىغاندۇ، بۇنداق قىلمايتتىغۇ...

— ئاڭلاۋاتامىلا، ناخشا...جانى...

مەن خىيالدىن چوچۇپ ئايلىمغا قارىدىم. ئۇ كۆلۈپ تۇرۇپ ماڭا رادىيونى شەرەت قىلىۋېتىپتۇ. خىيالىم بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن ئىكەن-دە.

— جانى! — دىدى ئۇ تەكرارلاپ، — نەبىنىڭ ئۆزىلا-ھە؟

دالاندىكى ئۇزۇن كىرىسلودا قىزىنى قۇچاغلاپ ئولتۇرغان گۈلناردىن ئەنسىرەپ ئايلىمغا ئالىيىپ قارىدىم. ئۇ قوسىقىمدىكىنى دەرھال چۈشەندى-دە، ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— بالىلىق چاغلىرى...يادىدا تۇرامدۇ، ھازىر ئېرى بىلەن ياخشىغۇ، مانا ئۈچ بالىلىق بولدى. ئەمدى ئۇنى ئاياپ كەتكىنى! — دىدى.

ناخشا، يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ناخشا، ئارمان ۋە ئېچىنىش تۇيغۇلىرى بىلەن پىشقان تونۇش ناخشا. كوزلىرىم تۇمانلاشتى، بېشىم ئېغىرلاشتى. ماڭا ئومۇر بويى خوشاللىق بېغىشلاشقا ۋەدە قىلغان ئىلى ناخشىسى بۈگۈن نىمىشقا يۈرەكنى ئېزىدۇ، نىمىشقا مېنى مۇڭلاندۇرىدۇ؟...

جىمجىت، گۈلنارنىڭ قۇچىغىدا ئۇخلاپ قالغان نەۋرەمىلا ئارىلاپ-ئارىلاپ مىدىرلاپ قويىدۇ. جىمجىت، ناخشا ياڭرىماقتا، مەن يەنە خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇپ ياشلىقىمغا قايتقان بولاتتىم. بىردىنلا بىرسىنىڭ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. قارىسام گۈلنار يىغلاۋېتىپتۇ. مەن قىزىمنىڭ كوز يېشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نەۋرەمنىڭ يۈزىگە چۈشكىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

مانا گۈلنارمۇ ياشلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ئازاپلانماقتا، دېمەك ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ جاراھەت قالغان ئىكەن ـ دە...

مەن بېشىمنى چاڭگاللاپ تۇتۇپ يەرگە قارىدىم: قىزىمدىن ئەپۇ سورايمۇ؟ ئەپۇ سوراش ئۇنىڭغا قانچىلىك ئارام بېرەر؟ ياق، بۇنىڭ ھاجىتى يوق.

مەن ئۆزەمگە قاتتىق ۋەدە بەردىم. جېنىمنىڭ كوزىنى ئۆزەم داۋالىتىپ ساقايتىمەن. توت كۈن بولسىمۇ ئۇ باللىرىنى، يېقىنلىرىنى كۆرۈۋالسۇن، ئۇ مېنىڭدىن رازى بولۇپ قالسۇن، شۇ يول بىلەن مۇنۇ قىزىمنىڭ يۈرەك قاتلىمىدىكى نامەلۇم چىگىشلەر يېشىلىپ قالار. قېرىغىنىمدا بولسىمۇ يېقىنلىرىمنى رازى قىلىپ دۇنيادىن ئۆتەي...

لېكىن بىردىنلا نەۋرەم يىغلاپ كەتتى. دېمەك كوز يېشىدىن ئەندىكىپ ئويغانغان ئوخشايدۇ. مەن ئەلەم بىلەن پىچىرلىدىم: جانىنى بىر يول بىلەن خوش قىلارمەن، بەلكى ئۇ رازى بولۇپمۇ قالار، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارمان بىلەن ئۆتكەن ياشلىقىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. قىزىم، داداڭنى دورىما: داداڭ ئۆز بەختى ئۈچۈن قىزىنى بەختسىز قىلدى. سەن بولساڭمۇ قىزىڭ ئۈچۈن بەخت تىلە، ھەرگىزمۇ ئۆز بەختىڭ ئۈچۈن قىزىڭنىڭ بەختىنى قۇربان قىلما. ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ بەخت ـ ئارزۇلىرىنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەرسە، بىزنىڭ شورىمىز قۇرۇيدىكەن...

1981 ـ يىل 5 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# مېھرىۋان ئاتا

## 1

"...ھەممىلا ئادەم ئىستىقبال كويىدا. ئىستىقبال ئالدىڭدا، ئۇ سېنىڭ ئۈمىت يۇلتۇزۇڭ، سەن قەدەممۇ-قەدەم ئاشۇ كورۇن-مەس مەنزىلگە ئىستىقبال ئىستىگى بىلەن ماڭىسەن، لېكىن بۇ سەپەردە بەختلىك بولغانلارمۇ، ئالدانغانلارمۇ بولىدۇ...مەن ئاشۇ ئالدانغانلاردىن. لېكىن مەن باشقىلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ياشاشقا بەل باغلىدىم، چۈنكى مەن ئاتا..."

ئەزىمجان خاتىرىسىگە بۇ گەپلەرنى يازغاندا، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئۇخلىغان ئىدى. ئۇ بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ قارسىلدىتىپ يۇرۇپ، ئۈچ ئېغىز ئويىنى ئايلىنىپ چىقتى. توت بالىسى ۋە ياش ئايىلى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئۇيقىدىكىلەرگە چىن يۇرىگىدىن بەخت ۋە ئىستىقبال تىلىدى-دە، ئاشخانىغا كىرىپ، كىچىك ئوغلىنىڭ يېنىدا ياتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان ئىدى، ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ يېزىق ئۇستىلىگە مۇكچىيەي دىسە، پۈتۈن بەدىنى سىقىراپ ئاغرىدى. "قىرىلىق-دەپ ئويلىدى ئۇ ئاقارغان ساقاللىرىنى يىرىك ئالقانلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىپاپ قويۇپ، — قانچىلىك ئۇمۇر قالدىكىن؟ تىرىشىمەنۇ، روناق تاپالمايمەن، يېشىم ئەللىككە يېقىنلاشتى، تېخىچە كالتە-كوسەي ئىشلاردىن قول ئۈزەلمەيمەن، مۇنۇ توت بالىغا تۇرمۇشىنىڭ، ئىستىقبالىنىڭ يولىنى كورسىتىپ بېرىش، مۇنۇ بىلىم ئارقىلىق مۇرات-مەقسەتكە يېتىمەن دەپ تىپىرلاپ يۈرۈپ ئەمدى بېشى راسا قايغان ئايلىمغا يانتاياق بولۇش مېنىڭ ئۇتەشكە تېگىشلىك بۇرچۇم. مەن ئېرىشەلمىگەنگە بالىلىرىم ئېرىشسىمۇ ئۇزەمنى بەختلىك ھىساپلايتتىم. دادام رەمتىمۇ ئۇزىنىڭ ئىستىقبالى دەپ مېنىڭ بەختىمنى چۇشەنگەن ئىدىغۇ، ئاتا قەدرىگە ئاتا بولغاندا يېتىدىغان گەپكەن. ئاتام كەمبەغەل موزدۇز بولغىنىغا قارىماي، مېنى ئوقۇتتى، جاپايىمنى تارتتى. قانچە-قانچە قېتىملاپ مەن ئۇچۇن سارغايدى، بايراملىق كىيىمىم ئۇچۇن كوسىدا تاڭ ئاتقىچە موكچىيىپ ئولتۇرۇپ، ئەتىگەنلىك بازارغا ئۇلگۇرتۇپ پوپۇچ، سەندەل تىكتى، ئالى مەكتەپكە ماڭغان يىلىم ماڭا زامانغا يارىشا كاستۇم-بۇرۇلكا قىلىپ بېرىمەن دەپ ھويلىدىكى دوگىنى چاناپ كېسەك قۇيۇپ ساتتى. ئالى مەكتەپنى پۇتتۇرۇپ قايتقان يىلىمچۇ تېخى؟ ئاغىنىلىرىمگە چاي بېرىمەن دەپ بارى-يوق بايلىغى بولغان موزايلىق سىيىرىنى ساتتى. بۇ كالا ئۇنىڭ بىر ئۇمۇر توككەن تەرىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن ئىدىغۇ؟ ئوغلىنىڭ بىر كۇنلۇك خوشلۇغى ئۇچۇن ئومۇرلۇك تەرىنى ئايىمىدى. مېنىڭ ئۇچۇن سەكپارە بولۇپ بەخت-خوشاللىق ئىزدىگەن دادام مېنىڭ ئاغزىم

ئاشقا تەككەن يىلى ئۇ دۇنياغا ئۈزىدى...دىمەك بالىنىڭ بەختى ئاتا-ئانىنىڭ بەختىكەن. بالا بەختى ئۈچۈن خورلىنىش ئاتا-ئانىنىڭ خوشلىغىكەن، ئېخ، مۇنۇ توت بالام ئىستىقبالىلىق بولالىسا، قانچىلىك خوشال بولار ئىدىم-ھە! گۈلشىنىم ئالى مەكتەپكە، روشىنىم تېخنىكومىغا، مۇنۇ ئەكە ئوغلۇم ئەكرەم بىرەر ئىشقا كىرەلىسە، مۇرادىمغا يەتكەن بولماسمىدىم. بالىلىرىم ۋە ئايىلىمىنى ئازراق بولسىمۇ خوش قىلالىسام بولاتتىغۇ، مانا ھازىر ھەممىلا بالامىنىڭ بېشىدا غەم. بالىلارنىڭ غېمىنى توپلاپ بىرلا مەن تارتىدىغان بىرەر چارە بارمىدۇ؟ باللارنى غەمدىن خالاس قىلالىغۇدەك كۈچ-مادارىم قالدىمۇ؟..“

ئۇ ئۇخلاۋاتقان ئايىلىنىڭ بېشىغا كەلدى:

”ھەي جەملە، غايە، غايە دەيسەن، قىرىق ئىككى ياشلىق ئايالىنىڭ غايە، شان-شەرەپ دەپ تېپىرلىشى كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟ بالا يۈزى كورمىگەچكە، ئۆز بەختىڭنىلا ئويلايسەن، قېرىغاندا بولسىمۇ بىرەر مەرتىۋىگە ئېرىشسەم دەيسەن. يۈرىگىڭنى يېرىپ چىققان بالاڭ بولغىنىدا ئىدى، پۈتۈن ئارزۇ-ئۈمىتلىرىڭنى بالاڭغا بېغىشلىغان بولاتتىڭ. ئىنسانىيەت ئەنە شۇنداق ياشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتنىڭ قىزىغى بار. سەن، جەملە، بۇنى ھىس قىلالمايسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، 'باللارغا نىمانچە قىلىدىكىنە، شۇنچىۋالا قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ ئۇنىڭدىن كورە ئوقۇتۇشنىڭ يولىنى قىلىڭ، قاتتىق بولۇڭ، سىز ھەجەپ بوشاڭسىز' دەپ مېنى ئەيىپلەيسەن. سەن باللارنى بىلمەيسەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ كۆڭلى نېمىدىن سۇ ئىچىدۇ؟ ئاتا-ئانىدىن. ئۇلار سىزنىڭ بىلەن ماڭا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، ئۇلار غايە توغرىسىدا باش قاتۇرۇشتىن ۋاز كەچكەن، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقىغا باغلىغان. ئۇلار كوچەت، بىز ئاتا-ئانا بولغۇچىلار تۇپراق، سۇ، ھاۋا. بىز ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى ئەڭ ئېسىل ئوزۇقلۇقلار بىلەن ئۇلارنى كوكلىتىشكە مەجبۇرمىز. مانا بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز. بىزنىڭ گۈلشەن، روشەنلەر ياكى ئەكرەم، ئەركىنلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ياخشى كىيگىنى، ئويىنغىنى كېلىدۇ، بولۇپمۇ گۈلشەن، بىچارە قىزىم ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، تولىمۇ غەمكىن، چۈشكۈن...“

ئۇنىڭ بىردىنلا چوڭ قىزىنى كورگىسى كېلىپ قالدى. چۈنكى كەچكى تاماق ۋاقتىدا ئانىسى ئۇنىڭغا: ”ئوتتۇز يەن تاپىسىز، ئاتمىش يەنلىك سېلىق سالىسىز، يە غايە، يە ئىستىقبال توغرىسىدا باش قاتۇرمايسىز، نېمىگە تورەلدىڭىز، نېمە ئۈچۈن ياشايسىز، بولارنىمۇ ئويلاڭ. ئوقۇڭ، ئۇ سۇ بوتكىسىنى تاشلاڭ، كىتاب ئوقۇڭ!“ دەپ ۋاقىرىغان، قىز شۇ گەپ بىلەن غىق بولۇپ قېلىپ، تەخسىدىكى لەغمىنىنى شۇ پېتى ئاشۇرۇپ قويۇپ يېتىپ قالغان ئىدى.

ئەزىمجان قىزلىرى ياتىدىغان ھوجرىنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ تىڭشاپ باقتى. قىزلىرى يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى. ئۇ ئەمدىلا قايتاي دېيىشىگە گۈلشەننىڭ جويلۇۋاتقىنى ئاڭلاندى. ”ياق...ياق!...“ دېدى قىز تېرىكىپ تۇرۇپ ۋە بىردىنلا

ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. ئەزىمجاننىڭ يۈرىگى "قارت" قىلىپ قالدى. ئۇ قىزلىرىنىڭ يىغىسىنى ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئازاپ ھىساپلايتتى. ئۆزى كۆلدە كاۋاپ بولسىمۇ قىزلىرىنىڭ كىرپىگىنى نەم قىلماسلىقى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ ۋىجدانى ئالدىدىكى ۋەدىسى ئىدى، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئازاپلاندى. لېكىن قىزلىرىنىڭ ئۆيگە كىرىپ قىزىنىڭ يېشىنى سۈرتۈشىنى ئەپسىز بىلىپ، ئايلى ئۇخلاۋاتقان سارايغا كىردى-دە، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئايلىنى ئاستا لىڭشىتتى ۋە:

— قوپسىڭىزچۇ، قىزلارىڭىزنىڭكىگە كىرىپ قاراپ بېقىڭا، گۈلشەن ئېسەدەپ يىغلاۋاتىدۇ... — دىدى.

ئىككى قولىنى بېشى ئاستىغا قويۇپ ئۇڭدا ياتقان جەمىلە نارازى بولۇپ تام تەرەپكە ئۆرۈلدى:

— يىغلىسۇن، يىغلاپ يۈرۈپ ئەقىل تاپىدۇ. مېنىڭ گېپىم تەسىر قىلغان بولسا ئانچىلا ئوندەرەپ كەتمەك...

ئۇ ئۇيقۇ ئارىلاش گاراڭ-گۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن شۇنداق دىدى ۋە كوزلىرىنى ئېچىپمۇ قويمىدى. ئەزىمجان بىر ئۇھ تارتتى-دە، ئايلىنىڭ يوتقىنىنى تۈزەپ قويدى. ئۇ يەنە قىزلىرىنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلدى. گۈلشەننىڭ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقىنىنى ئېنىق ئاڭلىغاندىن كېيىنلا پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىپ ئاشخانىغا — ئوغۇللىرىنىڭ يېنىغا كىردى: بايىلا سەندىرەكلەپ كىرىپ كەلگەن چوڭ ئوغلى ئەكرەم كىيىملىرى بىلەنلا بىر كىشىلىك ياغاچ كارۋاتتا دۇم ياتاتتى. كىچىك ئوغلى ئەركىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسا ئىككى سوم پۇلنى سىقىملاپ تۇتقان هالدا ئازادە كېرىلىپ ئۇخلىماقتا ئىدى. ئەزىمجان چوڭ ئوغلىنىڭ كىيىملىرىنى ئاۋايلاپ يەشتى. يىگىرمە ئىككى ياشلىق يىگىتنى خۇددى بوۋاقتەك پەپىلەپ كارۋاتقا ياتقۇزدى-دە، ئوغلىنىڭ ئاغزىنى پۇراپ باقتى، گۇپۇلدەپ هاراق پۇرىغى كەلگەندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى: "قايسى پۇلغا ئىچكەندۇ، هەدىسى بەرگەنمىدۇ يە،—دەپ ئويلىدى ئۇ مەيۇسلىنىپ،—تايىنلىق بىر ئاغىنىسى مېهمان قىلغان گەپ. ئالماقنىڭ بەرمىگى بار، بالام يەرگە قاراپ قالارمۇ؟"

ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن توش يانچۇغىنى كولاپ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قولىغا تەككەن قەلەم هەققىدىن بەش سوم پۇلنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە ئۇنى ئوغلىنىڭ توش يانچۇغىغا سېلىپ قويدى. ئۇ هېساپلىدى: "ئەركىنگە دەپتەر-كىتاپ ئۈچۈن ئىككى سوم، روشەنىنىڭ چاپىنى ئۈچۈن يىگىرمە بەش سوم، گۈلشەن شارپا ئالسا كەتتى ئونبەش سوم، خوش، جەمىلىنىڭ ئاغزىنى بېسىش ئۈچۈن قىشلىق يوللۇق سوكنىدىن يوپكىلىق، كالاچ، هالقامنى تۈزىتىمەن دېۋىدى راست..." ئۇ قانداق هېساپلىسىمۇ ئەكرەمگە بەرگەن بەش سومنى چىقىرىۋې-لىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدى. كوپ ئويلانمايلا ئۆزىگە پوپايكا ئېلىشقا ئايرىپ قويغان پۇلدىن چىقىرىشنى قارار قىلىپ خاتىرجەم بولدى.

"ئىشلەش كېرەك ئەزىمجان! بالىلىرىڭنى، ئايىلىڭنى رازى

قىلىمەن دىسەڭ ئىشلە، كەم ئۇخلا، ئۇلاردىن جىقراق جاپا چەك، ئازراق راھەت كۆر، ئاشقان-تاشقان زاغىرىلارنى يەپ، ياماق كىيىم كىيسەڭمۇ مەيلى، ئىدارىدا سەككىز سائەت، ئۆيدە سەككىز سائەت ئىشلىسەڭمۇ ۋاي دىمە، قولاق تىنچ بولسىلا، ئويۇڭدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلانمىسىلا، شىرە ئەتراپىدا بالىلىرىڭ بىلەن ئايىلىڭ ئەركىن-يايراپ ئولتۇرۇشسىلا، سېنىڭ بەختىڭ شۇ، چۈنكى سەن ئاشۇلارنى بەختىلىك قىلىشنى زىممەڭگە ئالغان ئاتا. سېنىڭ ھايات يولۇڭ ئاشۇنداق بولىدۇ. سېنىڭ بۇ يولدىن بىر غېرىچمۇ چەتنەشكە ھەققىڭ يوق...“

ئۇ ئەنە شۇلارنى يەنە بىر قېتىم ئىچىدە تەكرارلىدى-دە، يۈز-كۆزىنى سوغ سۇدا يۇيۇۋېتىپ يېزىق ئۈستىلىگە ئولتۇردى. ئۇنىڭ تەرجىمە ياكى تەھرىرلىككە بۇنداق چاغلاردا زېھنى ئاجىزلىق قىلغىنى بىلەن، كوچۇرۇشكە يارايتتى. ئۇ تونۇشلىرى ئارقىلىق نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن كوچۇرۇپ يازىدىغان ئىشلار-نىمۇ ئالاتتى. ئۇ كوچۇرۇشكە ئولتۇردى. باسمىغا يارايدىغان قىلىپ ئوچۇق ۋە توغرا يېزىش كېرەك. ئەزىمجان بۇنداق ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەيدىغانلاردىن.

جىمجىت كېچە، ئۈستەل سائىتىلا تىنىمسىز چاكىلدايدۇ، قەلەم قەغەز ئۈستىدە يېنىك شىتىرلايدۇ، قورلاردا خۇددى قورلاپ چېچىلغان ئورۇقتىن چىققان مايسىدەك بىر تەكشى ۋە چىرايلىق خەتلەر پەيدا بولماقتا، ئەزىمجان ھەر بىر بەتنى يېزىپ بولغاندا كۆلۈمسىرەپ قويىدۇ. ئۇ بىلىدۇ، بىر بەت كوچۇرۇلسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىككى موچەن تاپقان بولىدۇ، ئۇ ھىساپلاپمۇ كورگەن، بىر بەت كوچۇرۇش ئۇچۇن ئون مىنۇتتىن جىقىراق ۋاقىت كېتىدۇ، ھەر كېچىسى توت سائەت كەم ئۇخلىسا، ھېچ بولمىسا يىگىرمە بەت كوچۇرگىلى بولىدىكەن، دىمەك ھەر كۈنى ئايىلى ۋە بالىلىرىغا تۇيغۇزماستىن توت-بەش سوم تاپالايدىكەن. بۇنچىلىك جاپا ھىساۋىغا خېلى كوڭۇللۇك ئىشلار پۇتىدۇ: ئويدىكىلەر بىر بىرىنى دۇشكەلىمەيدۇ، ئايىلى قىسىلمايدۇ، بالىلىرى بويىنىنى قىسمايدۇ، ئاتا ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خوشاللىق بولامدۇ؟ دىمەك، خۇلاسە مۇنداق: شۇ جاپا تارتىش ھىساۋىغا خوشاللىقا، ئىستىقبالىغا ئىگە بولۇش كېرەك، ئەزىمجان بۇنى جەزمەن قىلالايدۇ...

جەملە قەغەزلەر ئارىسىدا يېزىق ئۇستىلىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ئەزىمجاننى ئويغاتقاندا، ئەتىگەن سائەت ئۇچ بولغان ئىدى.

— سىز قىلمىغان كوچۇرمىچىلىك قالغانمىدى؟ — دىدى ئايىلى ئۇنى جىملەپ، — مېڭىڭ، كىرىپ ئارام ئېلىڭ.. مانا، غايىدىن ئايرىلغان ئادەم ھەرنىمە قىلىدىكەن-دە!

— بالىلار، بالىلار خىزمەتكە كىرىۋالسىغۇ...— دىدى ئەزىم- جان كوزىنى ئۇۋۇلاپ ئەسنەپ تۇرۇپ، — ئىككىمىزنىڭ مائاشىمۇ يېتەتتى، كېرەك يوق!...

ئۇ يەنە قەغەزگە مۇكچىيىۋىدى جەملە يول قويمىدى، قەغەزلىرىنى قوپاللىق بىلەن يىغىشتۇرۇپ قولىدىن قەلىمىنى

تارتىۋالدى.

جەمىلە يەرگە يورۇق چۈشكەندە ئورنىدىن تۇردى. باللار تېخى ئۇخلىماقتا، ئۆيدە ئەزىمجان يوق ئىدى. جەمىلە كۈندىكى ئىشلارنى ئەكشۈردى. ئوت قالانغان، تۇڭ سۇغا تولدۇرۇلغان، سۈتمۇ ئۆز جايىدا... دىمەك، ئەزىمجان شۇنداق كەچ ياتقان كۈنلىرىمۇ باللىرىغا ھىچ ئىش قالدۇرمىغان ئىدى. جەمىلە خاپا بولۇپ قىزلار ياتقان ئۆيىنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ غوتۇلدىدى:

—ھاپاش بولۇۋېلىگلار ئەمدى، ئەللىك ياشقا كىرگەن ئادەم ئۇخلىماي يوتقىنىگلارنى تۈزەۋاتقان، ئايىغىگلارنى تازىلاۋاتقان، قارنىگلارغا ئىشلەۋاتقان، ئاۋۇ يىگىتلەر ئويالمىسا، سىلەر بولساگلارمۇ ئويالساگلارچۇ!

"ئىستىقبال" ئىگىلىرىدىن بىرىنچى بولۇپ روشەن ئانىسىغا جاۋاپ بەردى:

—ئاپا، دادامغا بازاردىن پوپايكا ئالىمەن دىمەك، مەن توقۇپ بېرىمەن. توشكە سېتىۋالساق ئەرزەنگە توختايدۇ!

ئۇنىڭ كەينىدىن كەنجى ئوغۇل ئەركىنىنىڭ چۈگۈلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

—قوي، ئەكرەم ئاكا، كىتاپ ئالىدىغان پۇل ئۇ!

—نىمە كىتاپ؟—دەپ غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن قوپال ۋاقىرىدى ئەكرەم ئۇن ئىككى ياشلىق ئىنىسىغا،—ئىككى سومغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يەنە ئىككى سوم قوشساق بىر كىلو گوش كېلىدۇ، راسا ئوخشى-تىپ پىشتى مانتا...

— ئەكەل، ئەكەل دەيمەن، ۋاي دادا، قارا پۇلۇمنى...

ئەركىن يىغلاشقا، ئەكرەم تىللاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا گۈل-شەن ئۆيدىن چىقتى. ئۇ زىلۋا بوي، قاڭشالىق، خۇما كوز، خۇشخۇي قىز ئىدى. ئۇيقۇسىغا قانمىغاچقا تېخىمۇ چىرايلىق ۋە جىلۋىلىك كورۇنەتتى. جەمىلىنىڭ ھامان بۇ ئوماق قىزغا ئوچ-لۇگى كېلەتتى. ھازىرمۇ قىزنىڭ چىرايلىق ھوسنىنى كورۇپ خۇيى تۇتتى-دە، قولاقلىرىنى ئېتىپ ئوغۇللارغا كايىدى:

— پۇل، پۇللا دەيدىكەنغۇ، داداڭلارنى ئېپچىقىپ سېتىڭلار!

گۈلشەن ئانىسىغا يوشۇرۇن ئالايدى-دە، ئىنىلىرىغا ۋاقىرىدى:

— ھەي ئەكرەم، كىچىك بالىنى يىغلاتقىچە، تۇرۇپ چېيىڭنى ئىچىپ ھىلىقى بارىدىغان يېرىڭگە بارمامسەن!

— بىر ئايغىچە ئىش يوق...

— نېمىشقا؟

— نەدىن بىلەي... مەدىكارچى نېمىنى بىلەتتى...

جەمىلە باللار بىلەن ۋاقىرىششتىن ھامان ئوزىنى تارتاتتى. ھەرقانچە گېپى بولسىمۇ دادىسىغا دەيتتى. لېكىن گۈلشەنگە كەلگەندە ئاغزىغا كەلگەن بىرمۇ گەپنى يۇتۇۋەتمەيتتى.

— ئۇنى ھەيدىگىچە ئوزىڭىزنى ئالدىرىتىڭا، — دىدى گۈل-شەننىڭ چاچلىرىنى شەرەت قىلىپ، — سىزنىڭ بوتكىڭىزدا خەق

چىلەكلىرىنى داراڭلىتىپ ئۇچرەت تۇرۇشقىلى نېكەم!

گۈلشەن سائەتكە ۋە ئاندىن كېيىن ئالدىراپ بوتكىنىڭ ئاچقۇچىغا قارىدى. ئاچقۇچ ئورنىدا يوق ئىدى.

— دادام ئورنۇڭغا ئىشلەۋېتىپتۇ-دە، — دېدى سىڭلىسى روشەن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — سېنىڭ جابدۇنمىغىڭ تەس، ئورنۇڭغا مەن چىقاي.

17 ياشلىق روشەن ھەدىسىنىڭ ئورنىدا سۇ بوتكىسىدا ئىشلەپ تۇرۇش ئۈچۈن تالاغا قاراپ يۈگرىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەكرەم گاراڭ-گۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:

— ۋاي روشەن، كوينەك، بول دەيمەن، دەزمال سالغانمىدىڭ!

— يەنە ئىچىپ، ئېغناپ يېڭىسىنى بۇلغاي دەمسەن؟ — دەپ ئۇنى جىملىدى ھەدىسى گۈلشەن خاپا بولۇپ، — دادامنىڭ ئورنىدا مەن بولسام، سېنى ھاراقتا تويغۇزاتتىم. بېرە ئەركىننىڭ پۇلىنى!

— كىمنىڭ رەھمى كەلسە شۇ بەرسۇن! — دېدى ئەكرەم قوپاللىق بىلەن، — پۇل تاپقانمىدى بۇ بەزگەك!

— دادامنىڭ پۇلىغۇ ھە! — دەپ يىغلىدى ئەركىن چۈڭۈلداپ، — كىتاپنى نىمىگە ئالاتتىمكىنە!...

— مەيەگە چىق ئەركىن! — دەپ ۋاقىرىدى جەمىلە ئۇنىڭ يىغىسىغا چىدىماي، — مەيەگە چىق بالام، ھالقامنى سېتىپ بولسىمۇ ساڭا كىتاپ ئېلىپ بېرىمەن...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

"ئۈچ بالا ئۇنىنچى سىنىپنى تۈگەتتى، ئۇچىلىسى خىزمەتسىز، — دەپ مەيۇسلەندى جەملە ئاشخانا ئۆيدە ئورۇن يىغىۋېتىپ، — مۇنۇ گۈلشەن تالالىق بولۇشى كېرەك ئىدى، قىز بالا دېگەن بىر گۈل، ساپىغىدا پۇراقلىق، چىرايلىق. بىر سوغ قول ئۇنى ئۈزۈپ تاشلىسا، يەردە چەيلەنگەن. ۋاي-ۋۇي سېنىڭ چىرايلىقلىغىڭ، چىرايىڭغا بېقىپ بىلىمىڭ، غايەڭ بولسىمىغۇ كاشكى، كەلگۈسىدە نېمە بولۇشۇڭنى ئويلاپمۇ قويمايسەن... مۇنۇ ئەكرەم دېگىنىڭغۇ بىر ياۋا كالا، قاپىغىنى ئاچسىمۇ قار-بوران يېغىپ تۇرىدۇ... ئېىخ دوستۇم، ئاجايىپ تەلەيسىز بالىلارنى تۇققان ئىكەنسەنغۇ تاڭ، سەن ئۇلارنى يوگىگىدىن ئاجراتتىڭ، ئەمدى مۇنۇ ئۇۋىسىدىن چىقىرىدىغان چاغدا ئاۋارىچىلىغىڭنى دوستۇڭغا ئىتتىرىپ قويدۇڭ..."

ئۇنىڭ يادىغا يېقىن دوستى، مۇنۇ بالىلارنىڭ ئۆز ئانىسى، ئەزىمجاننىڭ بىرىنچى ئايىلى مەرھۇمە گۈلچىمەن كەلدى-دە، كۆڭلى بۇزۇلدى.

جەملە ئەمدى بەخت-پېشانە دېگەن سۆزگە ئىشىنىدىغان ئۇمىتسىز ئايال بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشىچە، ھېچكىم ئۆزىنىڭ ھايات يولىنى بەلگىلەپ ئالالمايتتى. مەسىلەن: بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن جەملە دوستى گۈلچىمەننىڭ مۇشۇ ئۆيىگە كېلىپ-كېتىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئىككى بالىلىق بولغان دوستى گۈلچىمەنگە ئۆزىنىڭ قىزلىق غۇرۇرى، ياشلىق ئىپتىخارى بىلەن ماختىنىپ، ئۆزىگە تەلەپ قويغان يىگىتلەرنى كەمسىتىپ

سوزلەپ بەرگىنىدە، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە گۈلچېھەنىڭ رەھىمدىل ئېرىنى ئۆزىنىڭ لايىقى بولىدۇ دەپ ئويلىغانمىدى؟

... ئۇلار بىللە قونچاق، چىقىرىشماق ئويناپ، كېيىنچە مەكتەپكە ئون يىل بىللە بېرىپ، بىللە قايتىپ، بەخت، ئىستىقبال ۋە غايە ئۈچۈن ئىنتىلىپ چوڭ بولۇشتى، ئونىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن يازلىقى بىر كۈنى گۈلچېھەن جەمىلىنىڭكىگە ئون سېلىپ يىغلاپ كىردى-دە، بوينىغا ئېسىلىپ ۋە كۆز ياشلىرىنى جەمىلىنىڭ يۈزلىرىگە سۈركەپ تۇرۇپ:

—... مېنى ئەرگە بېرىدىغان بولدى...— دەپ پىچىرلىدى.

—جەمىلمۇ غايىلىك قىزلارنى بەختسىز قىلغۇچى بۇ سوزنى ئاڭلاپ دوستىغا قوشۇلۇپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى ۋە:

—ئۆزەڭ قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟— دەپ سورىدى.

—قانداق قىلاتتىم؟ ئاپال دىگەن ئاجىزكەنمىز،— دىدى گۈلچېھەن ئېسەدەپ تۇرۇپ،— ئوقۇشتىن تەلىيىم بولمىدى، ئەمدى ئەردىن تەلىيىم كېلىپ قالىسمۇ مەيلى...

—يىگىت كىمكەن؟

—كىم بولاتتى، بىزنىڭ ھېلىقى ياسانچۇق مۇئەللىم!

—ئەزىمجان مۇئەللىمۇ؟— دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى جەمىلە چوچۇپ،— يېشى چوڭغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزگە مۇئەللىم...

—يەڭگەمنىڭ ئىشى... ئوقۇمۇشلۇق، رۇسچە، خەنزۇچە بىلىدۇ، مەدەنىيەتلىك، يۇۋاش-يۇمشاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساڭا

كويۇپ يۇرگىلى ئىككى يىل بوپتۇ، سەن ياق دىسەڭ ئولۇۋال-
غۇدەك... دەپ بىلجىرلاپ ئادەمنى...

گۇلچىمەن جەملىنى قاتتىق قۇچاغلىدى، جەملە ئېنىق
كوردى، گۇلچىمەن ئالى مەكتەپ، غايە، ئىستىقبال دىگەنلەرنى
چورۇۋېتىپ، پۇتۇن ئۇمىدىنى ئوزىدىن سەككىز ياش چوڭ
بولغان ئاشۇ مۇئەللىمگە بېغىشلاپ، بەختتىن يىغلىغان ئىكەن.

— ئېرىلىك بىلەن بەختلىك بول، خەير، بۇگۇندىن باشلاپ
بىز ئىككى يولغا ماڭدۇق! — دىدى جەملە دوستىنى تەبرىكلەپ.

جەملە ئالى مەكتەپنى تۇگىتىپ ئوز شەھىرىگە كەلگەن كۇنى
بىرىنچى قېتىم سوۋغا-سالاملىرىنى ئېلىپ گۇلچىمەنىنىڭ ئويىگە
باردى، جەملە ئىشەندى، گۇلچىمەن بەختلىك بولغان ئىكەن.
چۇنكى قىزلار بەخت دەپ چۇشەنگەن نەرسىلەر ئۇنىڭ
ئويىدىن تېپىلاتتى. مەسىلەن: يېتەرلىك ئىقتىسات، ئوماق
ئىككى بالا، سىلىق، يۇمشاق ۋە خۇشخۇي-مېھرىۋان ئەر، مول
مۇھەببەت...

— بۇ كىشى كېچىلىرى بىر ۋاققىچە بىر نىملەرنى يازىدۇ،
ئوقۇيدۇ، ماڭىمۇ ئوقۇپ بېرىدۇ، ۋاي-ۋۇي جەملە، بىلىملىك
يولدىشىڭ بولسىمۇ بۇ بىر بەختكەن، ئوي تۇتقىلى مانا 5-6
يىل بولۇپ قالدى، قارا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرمۇ تەكرار گەپ
چىقمايدۇ. نىمە دىگەن بىلىم!...

گۇلچىمەن شۇ سوزلەر بىلەن ئوز يولدىشىنى ماختاپ،
ئوزىنى بەختلىك قىلىپ كورسەتكەن ئىدى. لېكىن جەملە ئوز

بىلىمى بىلەن شان-شەرەپ قازىنىش ئىستىگىدە يانغان بىر ئوت يۈرەك قىز بولغاچقا، ئۇ چاغدا گۈلچېمەننىڭ يۇقۇرقى سوزلىرى ئۇنىڭغا كۆلكىلىك ۋە ئەخمەقلىق بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى.

يىللار ئۆتتى، جەمىلىنىڭ كۈتكەن نىمىسى كەلمىدى. ئۇ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتنى بىرلا ئارىلىقتا چاپقۇچى سائەت مايانتى- گىدەك ئۆي — مەكتەپ، مەكتەپ — ئۆي ئارىلىغىدا قاتراپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ كېچىلىرى ئۇخلىماي تاپشۇرۇق كورۇپ، يەكشەنبىلەردە دەم ئالماي ئاتا-ئانىلار بىلەن سوھبەتلىشىپ، غورىگىل ئوزۇقلىنىپ، كەم ئۇخلاپ، ئوزىنىڭ گۈزەل چاغلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىدا ھېچقانداق ئوزگىرىش بولمىدى. ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدىغان يىگىتلەرمۇ ئەمدى تۈگىدى، دوستلىرى چاي-ئولتۇرۇشلاردا بىللە بولسا، باللىرى توغرىسىدا سوزلىشىدىغان، ئۇلۇغۋار غايە-ئىستىقبال توغرىسىدا گەپ ئاچمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ھاياتىنى نامەلۇم، زېرد- كىشلىك ئىچ پۇشۇغى چىرمىۋالدى. ئۇ يالغۇز قالغان چېغىدا ئەينەككە قاراپ ئوزىچە يىغلايدىغان بولۇپ قالدى: "قېنى ئۇ مەن ئارزۇ قىلغان ھورمەتلىك ئىلمىي ئۇنۋان، كافېدرا، يۇقۇرى مائاش، ئىسىل ئۆي، ئايرىم قورا، كىچىك ماشىنا، بىلىم ۋە ئابرويغا باي ئەر؟... نىمىشقا بۇ مەن ئارزۇ قىلغان نەرسىلەر بارغانسېرى يىراقلاپ قاچىدۇ؟" دىگەن سوئاللارغا ئۇ جاۋاپ تاپالمايتتى، بىر كۈنى ئانىسى ئۇنىڭ قويۇق چاچلىرىنى سىلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

—كىمنى كۈتسەن قىزىم، قارىغىنا، چاچلىرىڭدا ئاق... ھاشىم كوجاك ئەلچى قويۇپ باش ئاغرىتقىلى تۇردى، نىمە دىسەڭ بولىدىكىن تاڭ...

—نىمىسىگە؟... —جەملە ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

—ئۇ ھازىر بويتاق، ئۇزىگە بالام...

جەملە شۇ كۈنى كېچىسى يىغلاپ چىقتى، ئۇنىڭغا كىملەرنى لايىق تېپىۋاتىدۇ ھە! قىرىق بەش ياشلىق، ئىككى بالىسى بار بويتاق...

لېكىن ئۇنىڭ خاپىلىغى ئۇزاققا بارمىدى. يىللار ئۇنى ئاۋال گۈزەللەر قاتارىدىن، ئاندىن كېيىن شەھەردىكى قىزلار تىزىمەلىگىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. 1966-يىل 8-ئايدا جەملە كوچىدا سازايە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇچىنچى نەرسىدىن يەنى غايىدىنمۇ ئۈمىت ئۈزدى...

ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن جەملە قات-قات كىيىملىرىنى بۇرۇنقىدەك رەتلەپ-دەزماللاپمۇ قويمايدىغان، گەرىس ياغلىقنى ئىگىگىدىن چىگىپ، چىت كوينەك، خادانى پىلاتى ۋە پەس پاشنىلىق توفلى بىلەن نە-نەلەرگە كېتىۋېرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ بىرلا ئارزۇسى يەنى كوكۇل ئاغرىقى تارتمايلا كۈن ئوتكۈزۈش ئارزۇسىلا قالغان ئىدى.

ئەنە شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بىردىن-بىر سىردىشىدىغان، ھالىغا يېتىدىغان دوستى گۈلچەمەن ئېغىر كېسەل ئىدى. ئۇ ئېرى ئەزىمجاننىڭ كىتاپخانىسى كويدۇرۇپ تاشلانغان كۈنى

يىقىلغاندىن بىرنىلا ئورە بولالمايۋاتاتتى، بىر كۈنى گۈلچېمەن جەمىلىنى چىڭ قۇچاقلاپ:

— ئورە بولالمايدىغان ئوخشايمەن، توت بالام قالدى، ئوي-ئوچاقلىق بولارسەن، بالىلىرىڭ قاتارىدا قاراپ قويغىن! — دەپ يىغلىدى.

گۈلچېمەنىنىڭ ۋاپاتى جەمىلىنى تېخىمۇ ھالسىراتتى. ئۇ خۇددى ياقا يۇرتقا بېرىپ قالغان بالىدەك، مۇنايىم، خىيالچان بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ سىردىشى مۇشۇ ئەزىمجان بولۇپ قالغان ئىدى. جەمىلە بىكار بولسىلا ئۆز ۋاقتىنى دوستى-نىڭ بالىلىرى بىلەن ئۆتكۈزەتتى، سىرلىق يىللار ئۆز ۋاقتىدىكى گۈزەل، غايىلىك، تەكەببۇر قىزنى تۆۋەنلىتىپ، چۆكۈرۈپ، ئەزىمجان ئەپەندىنى ياخشى كۆرىدىغان، سېغىنىدىغان قىلىپ قويدى. كېيىنچە، ئۇ ھەتتا دوستىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە چىن يۈرىكىدىن رەھمەت ئېيتىدىغان بولۇپمۇ قالدى، چۈنكى بۇ ئۆلۈم ئۇنىڭ ئۇزۇن يىل كۈتكەن نىمىسىنى يەنى بىر ئەر كىشى بىلەن مۇھەببەتلىنىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن ئىدى، گەرچە ئۇ ھازىر ئوتتۇز بەش ياشلىق قىز بولسىمۇ بۇ ئىنئامدىن بەھرىمەن بولماقتا ۋە ئۇنى ئۆز بەختى دەپ بىلمەكتە ئىدى.

مانا بۇلارنى تەلەي-پېشانە دىمەي نىمە دىگۈلۈك ئەمىسە. ئۇ ھازىر ئانا، مۇنۇ توت بالىنى قاتارغا قوشۇش ئەزىمجانغا ئوخشاشلا ئۇنىڭمۇ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھازىر مۇنۇ ئوغۇللارنىڭ جانغا تېگىدىغان غەۋغالىرىغا پىسەنت

قىلماي، ئورۇن يىغماقتا...

ئەزىمجان ئۆيگە كۈلۈپ كىرىپ كەلدى ۋە جەمىلىگە قاراپ:

— قىزىق، سۇ سېتىشمۇ كوڭۈللۈك ئىشكەن...— دەپ سوز باشلىۋىدى، جەملە ئۇنىڭغا قاراپ ئالايدى-دە:

— قويسىڭىزا، قىزىڭىزنىڭ ئىشى بولغاچقىلا شۇنداق دەيسىز، ئادەم ئۆزىگە سۇنئى قىلىقلار بىلەن تەسەللى بەرسە تېخىمۇ ئازاپلانامدۇ؟...— دىدى.

چوڭقۇر مۇلاھىزىلەردىن كېيىن چىقىدىغان بۇنداق سوزلەر ئالدىدا ئەزىمجان دائىم تەرسالىق قىلمايتتى، شۇڭا ئۇ ئايلىغا قاراپ ھورمەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى:

— راست ئېيتىسىز، ئۆزەمغۇ ئارزۇ قىلغىنىمنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ ئېرىشەلمىدىم. ئەمدى باللىرىم ئېرىشەرمىكىن دەپ ئۈمىت قىلسام، بىرسى سۇ ساتىدۇ، تېخى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ياخشى ئوقۇغىنى...

— بوۋام بوپ كېتىپسىز، ساقاللىرىڭىزنى ئالسىڭىزا، غايىسىگە يېتەلمىگەن ئادەم دىۋانىدەك كىيىنىۋالسۇن دىگەن قانۇن بولمىغاندىكىن، ئۇستىۋېشىڭىزنى تۈزەڭ، ھىلىقى قەلەم ھەققىڭىزگە ئۆزىڭىزگە كىيىم قىلىڭ، كېچىسى ئىشلەيدىغىنىڭىزنى قويۇڭ...

— گېپىڭىز توغرا، لېكىن باللارنىڭ غەلۋىسى جىق، گۈلشەننى قاراڭا...

— بولدى قىلسىڭىزا، باللارنىڭ نىمە يەپ، نىمە كىيگىنىنىلا ئويلىماي، نىمە قىلىۋاتقىنىنىمۇ ئويلاڭ. ئۇلارنى بىلىم

ئۆگىنىشكە، ئىستىقبال-غايىگە ئۈندەيدۇ. كونىلارنىڭ گېپىدە
ئۈنتۇمايلى: بالىلارغا پۇل-دۇنيا قالدۇرغىچە ئەقىل-بىلىم
قالدۇرايلى!...
— لېكىن جەملە، گۈلچىمەن بالىلىرىنى شۇنچىلىك
قەدىرلەيتتى، ئۇنىڭ ئارزۇسى، نەسىھىتى...
— بولدى قىلىڭ ئەمدى، نەسىھەت سىزگە ئۆمۈرلۈك يولداش
بولالمايدۇ، سىز ئۆلگەن ئادەمنى رازى قىلىمەن دىمەي، مۇنۇ
هايات ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىڭ، بالىلار يوق چاغدا
سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، گۈلچىمەن سىزگە قىز
تەككەن بولسا، مەنمۇ قىز تەككەن، مېنىڭمۇ تۇنجى قېتىم
ياخشى كۆرگەن ئادىمىم سىز. گۈلچىمەننىڭ ئارزۇسى تىلتۇمار،
مېنىڭ ئارزۇلىرىم پايتىما بولىدىغان بولسا مەن چىدىمايمەن...
مېنىڭ گېپىممۇ ئاقىدىغان بولسۇن مۇنۇ ئۆيدە، گۈلشەن
يوقىلاڭ ئىش بىلەن ئۆمرىنى زايا قىلماي، كىتاپ ئوقۇسۇن،
ماتېماتىكا، فىزىكا دەرسلىرىنى پىششىق تەكرارلىسۇن. ماۋۇ
ئەكرەمنى بىر مۇقىم ئىشقا تىقىشنىڭ يولىنى قىلايلى، هېچ
بولمىسا جەمىيەتكە كېسەك قالدۇرالىغۇدەك بىر ئادەم بولسۇن.
روشەننى... ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىسە تېخنىكومغا بولسىمۇ
كىرگۈزەيلى. بالىلارغا بىلىم-ئوقۇش پۇلى تولەشكە كوپرەك
باش قاتۇرۇڭ. ھە دىسىلا بالىلارنىڭ كاكۇتچىلىقىنى قىلىۋەرمەڭ...
پۈتۈن ئارزۇلىرىڭىزنى ئەركىنگە بېغىشلاڭ، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن
ئوقۇتۇپ كامالەتكە يەتكۈزۈشكە مەن سىزگە ۋەدە بېرەلەيمەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2

ئەزىمجان ئۇيىگە كىرگەندە جەمىلە قەلەمچە قىلىۋاتاتتى. گۇلشەن ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋېلىپ كوكتات يۇيۇۋاتاتتى. روشەن بىلەن ئەركىن ئوي تۇزەشتۇرۇۋاتاتتى. ئەزىمجان ئىمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغىچە جەمىلە سوزلەپ كەتتى:

— ئەكرەم ئايدا يۇز نەچچە سوم تاپىدۇ، ۋاي روشەنىمۇ يۇز سوملاپ تاپىدىغان بولدى دەپ خوشال بولۇۋىدىگىمىز، مانا بىر ئايلىغى ئولتۇرۇشقا كەتتى. دىدىمغۇ، بۇ باللار ھالاۋەتنى، سىز بىلەن بىز مۇشەققەتنىلا ئويلايمىز!

— ئوغۇل-قىز بولۇپ ئوتتۇزدىن ئاشىدىكەن! — دىدى گۇلشەنىمۇ نارازى بولۇپ، — پولۇدىن كېيىن سۇيقاش قىلىڭلار دەيدۇ تېخى، سارايىنى بوشاتقۇدەكمىز، تانسا قىلىش-قۇدەك!..

— ئىشلەي دىۋىدىما! — دىدى ئەزىمجانىمۇ يولدا كەلگىچە تۇزگەن پىلانلىرىغا ئوغلىنىڭ دەخلى قىلغىنىغا نارازى بولۇپ، — سىزگە ئولتۇرۇشنىڭ گېپىنى قىلغانىمىدى؟

— نەدىكىنى، — دىدى جەمىلە يەردىن بېشىنى كوتەر-مەي، — چۇشتە ئون كىلو گوش، ھاراق-پىۋىلارنى ئەكەپتۇ. ئەللىك سوم پۇلنى جوزىغا تاشلاپ، تاتلىق-تۇرۇم، مىۋە-چىۋە، كوكتات-پوكتات.. ھىچنەرسە كەم بولمىسۇن! دەپ بۇيرۇق

بەردى. ۋايۋۇي بۇ ياشلارنىڭ ئارزۇسى نىمىكىن تاڭ! يەيدۇ ئىچىدۇ، كېچىچە توڭگۇز توپاق ئوينىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كور كىتاپ ئوقۇسۇن، تالاش-تارتىش قىلىشسۇن، ھىچ بولمىسا رادىيو، تېلېۋىزورنى چۈۋۈپ بولسىمۇ قايتىدىن قۇراشتۇرسۇن...

ئەزىمجان خاپا بولدى، روھسىزلاندى، ئۇ ھامان ئائىلىسىدە كۈلكە، ناخشا، خوشاللىق، مېھرىۋانلىق، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بەخت بولۇشىنى چىن كوڭلىدىن تىلەيتتى. ئوزى ئەنە شۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىدىن جىق تېپىرلايتتى، جاپا تارتاتتى. لېكىن ئۇ ھازىرغىچە ئويدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەڭ خوشال قىلغۇدەك بىرەر ئىش قىلالىغىنى يوق. بىرى خوشال بولسا، ھامان يەنە بىرلىرى خاپا بولاتتى، بىرىنى رازى قىلغان ئىش يەنە بىرلىرىنىڭ جېنىغا تېگەتتى، بىرىگە بەخت تۇيۇلغان ئىش يەنە بىرلىرىگە ئازاپ بىلىنەتتى، مانا بۇگۇن بەلكىم ھەممىدىنمۇ ئەكرەم خوشالدۇ، لېكىن ئۇنىڭ خوشاللىغى ھىساۋىغا ئايىلى، قىزلىرى ۋە ئوزى خاپىچىلىق تارتماقتا. ئۇ بۇنىدىن بىر ئاي بۇرۇن ئەكرەم بىلەن روشەن قۇرۇلۇشقا ئىشقا كىرگەندە ھەجەپ خوشال بولغان، روشەن تۇنجى كۇنى ئىشتىن چارچاپ لېكىن خوشال قايتىپ كېلىپ:

—مەن ئوغۇللار بىلەن تاش توشۇدۇم، ئاكام يەر كولىدى، جىق ئىشلىسەك جىق ئالىدىكەنمىز، يۇز ئەللىك سوم، يۇز سەكسەن سوم تاپقانلارمۇ باركەن، قاراپ تۇرغىن دادا، ئاكام بىلەن ئىككىمىز كەم بولغاندا ئۇچ يۇز سوم تاپىمىز!—دىگەندە،

ئەزىمجان ھاياجان بىلەن بالىلىرىنىڭ بىر يىللىق كىرىمىنى ھېساپلاپ، ئويىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭغان ئىدىغۇ... دېمەك، خىيال-ئارزۇلا لەززەتلىك نەرسە، ئارزۇ ھەل بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ لەززىتىمۇ تۈگەيدۇ، ئۇ خۇددى ئىگىز شاختا قىزىرىپ پىشقان تاتلىق ئۆرۈككە ئوخشايدۇ، ئۇ پەقەت يېيىش ئارزۇسىدا ھەركەت قىلغان بالىلار ئۈچۈنلا دۇنيادا ئەڭ شىرىن نەرسە، لېكىن ئالقانغا چۈشكەندىن كېيىن لەززىتى تۈگەيدۇ...

—نېمە بوپتۇ؟ بىچارە ئاكام بىر مېھمان چاقىرىپتىكەن ئەمدى!... —سارايدىن روشەن ئېتىلىپ چىقىپ ۋاقىرىدى، — بوپتۇلا، كېلەر ئايدىن باشلاپ پۇلنى ئۆيگە بەرسۇن، دوستلىرى ئالدىدا خىجىل بولمىسۇن!...

ئەزىمجان روشەنگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى ۋە ئىچىدە: "شۇنداق، ئوغلۇمنىڭ ئەر بولۇپ تاپقان بىرىنچى پۇلى ۋە قىلغان بىرىنچى زىياپىتى، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن بارلىق خاپىلىقلارنى يۇتۇش كېرەك. ئەڭ ئاۋال مەن يۇتۇشۇم كېرەك" دەپ ئويلىدى.

ئۇ چالا-بۇلا غىزالاندى-دە، جەملىگە قاراپ:

—بالىلار قورۇنۇپ قالمىسۇن، مەن ئىدارىدا ئىشلەي ئەمىسە! —دېدى.

—ھېچ بولمىسا بولغۇسى كېلىنىڭىزنى كۆرۈۋېلىڭ! —دەپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى جەملە كۈلۈمسىرەپ، — ئەمدى گۈلشەن ئۈچۈنمۇ ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىڭ.

ئايىلى ئۇنىڭغا تەنە ۋە يوشۇرۇن ئازاپ ئىچىدە قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ئەزىمجان ئايىلىنى چۈشەندى. جەمىلە ئۆز كۆلكىسى بىلەن كۆندە ئېيتىدىغان پىكرىنى تەكرارلىماقتا. يەنى: "ئۇلارنى بەختلىك قىلىمەن دىسىڭىز قاتتىق باشقۇرۇڭ، سىزنىڭ سىزىقىڭىزدىن چىقمايدىغان بولسۇن" دىمەكتە ئىدى.

لېكىن ئەزىمجان بالىلىرىنى خاپا قىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇ سىزىق سىزىپ بېرىدۇ، ئەمما بۇ سىزىقنى بالىلىرىنىڭ نىمىنى خالىغىنىغا قاراپ سىزىپ بېرىدۇ، ھەرگىزمۇ ئاۋال سىزىپ قويۇپ ئاندىن كېيىن بالىلىرىنى شۇ سىزىققا قاراپ ھەيدىمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بالىلارغا بەخت كەلتۈرگۈچى ئاتا. بەخت كوڭۈل ئاياش دىگەن سوز. بالىلىرى ياش توككەن، رەنجىگەن يەردە بەختنىڭ پۇرىغىمۇ بولمايدۇ-دە...

ئەزىمجان ئىشخانىسىغا بېرىپ خېلىغىچە بالىلىرى ۋە ئايىلى توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇردى: دەرەخلەر ياپراق تاشلايدىغان چاغلارمۇ يېقىنلاپ قالدى، بالىلارنىڭ قىشلىق كىيىم-كېچىگىنىڭ غېمىنى قىلىش، جەمىلىنىڭ كوڭۇل خوشى ئۈچۈن تېلېۋىزور ئېلىش كېرەك، گۈلشەنگە بۇ يىل پەلتو تىكتۈرمەي بولمايدۇ، ئۇنىڭ دوستلىرى ئىچىدە يالغۇز گۈلشەنلا پەلتوسىز. ئۇنىڭغا قىلسام روشەنىنىڭ بوينى قىسىلار، ئۇنىڭغىمۇ ئېلىش كېرەك، قىزلارغا ئېلىپ جەمىلىگە ئالمىسام قاملاشماس، ئاغزىدا بىرنىمە دىمىگىنى بىلەن كوڭلىدە ئويلاپ قېلىشى مۇمكىنغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىشلىق پەلتوسى كونا پوسۇندا تىكىلگەن... ئەكرەم ۋەلىسېمت

ئالمەن دەيدۇ، روشەنگە سائەت، ئۇيىنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىمۇ كونىراپ مېھمانغا يارىغۇسىز بولۇپ قالدى. گۈلشەن قايسى كۈنى كارۋىتىغا توت گەزلىك ياكى ئۈچ گەزلىك بولسىمۇ بىر گىلەمنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، كوڭلى بەك نازۇك قىز، دىگىنىنى قىلمىسا رەنجىيدۇ... ئۆزەمگىچۇ؟ ھازىر ئەركىنىنىڭ غەلۋىسى ئاز. جەمىلە ئىملا بولمىسۇن سوكنۇدىن بىرەر قۇر كىيىم قىلىڭ دەيدۇ، لېكىن ھازىرچە زورۇر ئەمەس، خادانى، ياكى دىكامۇ بولىۋېرىدۇ، قىشلىق جۇگام بار، يەنە ئۈچ-توت يىل كۈچ بېرىدۇ، تېشى مايلىشىپ قالدى، ئەمما قىشنىڭ كوزى قارغۇ، ئۇتۇك كالاچ بۇ يىلچە تۇرۇپ تۇرسۇن، بۇلتۇر ئۈن توت سومغا ئالغان ئىچى يۇڭ ئاياق، سەت بولسىمۇ ئىسسىق...كىيىمسەمىمۇ مەيلى، لېكىن ئاغىنىلەرنىڭ تەنىسىدىن قۇتۇلسام بولاتتى، ”مەكتەپتىن تەھرىرلىككە ئالماشقىنىڭغا ئۈچ يىل بولدى، تەرجىمە قىلسەن، ئىشتىن سىرت تەھرىرلىك، كوچۇرمىچىلىك قىلىپ ھەر ئايدا ئاز بولغاندا يۈز نەچچە سوم قوشۇمچە تاپىسەن، نىمىشقا بىر قېتىم ئاغىنىلەرگە داستىخان سالمايسەن؟...“ دىيىشىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاش ئاسان بولغىنى بىلەن چىدىماق تەس. دىمەك ئاغىنىلەرگە بىر ئولتۇرۇش...

قانداق ئويلىمىسۇن، ئەزىمجان ئۈچۈن يېنىكلىك تېپىلمىدى. گەرچە بالىلىرى خېلى پۇل تېپىۋاتقان بولسىمۇ، ئەزىمجانىنىڭ يۈكى يېنىكلىمىدى. ئاتا بولماق قانداق تەس-ھە!

ئەزىمجان ئەخمەق يىگىتلەردەك ئۆز گۈزەللىگى بىلەن ئەمەس،

ئەقىل-پاراستى ۋە بىلىم-قابىلىيىتى بىلەن ھۆرمەت-ئىناۋە، تېپىشقا ئېرىشەلىگەن ئىدى. 50-يىللارنىڭ بېشىدا ئۇنىڭچى سىنىپ، ئەلا پۈتتۈرگەن، كەچ كۇرستا، كېيىنچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ يۇرۇپ رۇس تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن، تارىخ، ئەدەبىيات پەلسەپە، ھەر خىل نەزەرىيەلەرنى سىستېمىلىق ۋە پىششىق ئۆگەن، گەن، ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە چوڭ بىر بىلىم ئەھلى بولۇپ چىقىشىغا تولۇق ئىشەنگەن. لېكىن يىللار ئۇنىڭ غايىلىرىنى بىرمۇ-بىر يوققا چىقاردى. ئۇ ئۆزى ئويلىغاندەك ئالىم بولالمىدى، ئارزۇ قىلغىنىدەك ئىلمىي ماقالىلارنى يازالمىدى، مۇھا- كىمە يىغىنلىرىدا دوكلاتلار بېرەلمىدى، ئۇنىڭ بىلىمى بىلىم ۋە ئىستىقبال ئۈچۈن ئۆزىدەك ئىنتىلگەن بالىلارغا سەرپ بولدى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى يىگىرمە نەچچە يىل داۋامىدا ئوقۇغۇچىلارلا ئاڭلىدى. 1966-يىلقى قارا بوراندا كىتاپلىرى كويدۇرۇلۇپ، ئۆزى سازايە قىلىنىپ، ئەمگەككە سېلىنغاندىن كېيىن بولسا ئىستىقبال ئۇنىڭ ئۈچۈن قاراڭغۇدا يوقالغان يىڭنىدەك بىرنىمىگە ئايلىنىپ قالدى...

لېكىن ئەزىمجان يەنىلا ھاياتتىن لەززەت كۆتتى. ئۆزى يېتەلمىگەنگە باشقىلار يەتسە، ئادەتتە ئادەمدە ھەسەت ۋە ھەسرەت پەيدا بولىدۇ، لېكىن ئەزىمجان بۇ نەرسىلەردىن يىراق ئىدى. ئۇ ئۆزى توغرىسىدىكى بۇ كوڭۈلسىز ئومۇرنى "ئوقۇشماسلىق"قا چىقىرىۋەتتى-دە، ئۆزى چىقالمىغان ئېگىز- لىككە باشقىلار چىققاندا، ئۇنىڭغا شوتا بولۇپ بېرىشكە چىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆڭلىدىن رازى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ئۇنى ياش تەھرىرلەر "جانلىق لۇغەت"، "قامۇس" دېيىشىدۇ، چۈنكى ئەزىمجان ئادەتتە ئۇچرىغان مەسىلىلەرگە خېلى توغرا جاۋاپ بېرەلەيدۇ...

ئەزىمجان شۇ كېچىنى ئىدارىدە يېزىق ئۈستىلىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. تاڭ ئالدىدا ئازراق كۆزىنى ئىلىن-دۇرۇپ ئالدى-دە، كۈندىكى قەرەلىدە ئويغىنىپ يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشتى.

يەكشەنبە بولغاچقا ئۇ ئۆيىگە ۋاقچىراق كەلدى. ئۆيىدە روشەنمۇ، گۈلشەنمۇ. ئەكرەممۇ يوق ئىدى، جەملە ئۇخلاۋاتات-تى. يالغۇز ئەركىنلا شىرەگە مۈكچىيىۋېلىپ بىرنىمىلەرنى يېزىۋاتاتتى، ئۇ دادىسىنىڭ ھەممە سوئاللىرىغا:

— مەن نەدىن بىلەي! — دەپ خوشياقماسلىق بىلەن جاۋاپ بەردى.

سۇ تۈگى قۇرۇغان، سارايدا قاچا-قۇچا، نان-سەيلەر چېچ-چىلىپ تۇراتتى. ئۆي خۇددى چوڭ ئاختۇرۇشتا يولۇقتاندەك مالىماتاڭ ئىدى. بۇنى يىغىشتۇرۇش جەملە بىلەن ئەركىنگە قال-غان بولمىغىدى، ياق، ئەزىمجان بۇ ئىشنى ئۇلارغا قالدۇرمايدۇ. ئاۋال تۈگنى تولدۇرۇش كېرەك. ئۇ چىلەكلىرىنى داراڭلىتىپ سۇغا ماڭدى. سۇ بوتكىسىنىڭ ئىچىدىن گۈلشەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يائاللا دادا، كۆز يۇمغان بولساق دېگىنە، بۇ باللار

مەس بولۇۋېلىپ نىملەرنى قىلىپ كەتتى خۇدايىم!...

— ئەكرەم قېنى؟

— ھېلىقى...مېھمانلىرىنى ئۇزىتىمەن دەپ چىقىپ كېتىپ قايتىپ كىرمىدى...

— روشەنچۇ؟

— ئىشىغا كەتتى!...

ئەزىمجانىنىڭ دىققىتى ئەكرەمگە يوتكەلدى. ئۇ بۇ يىل 22 ياشقا كىردى، تېخى مۇقىم خىزمىتى يوق، پات-پاتلا مۇشۇنداق يوقاپمۇ كېتىدۇ تېخى. كىم بىلىدۇ، بىر يامانىنىڭ قولىدا كوڭۇلسىزلىككە ئۇچرامدۇ، ئۇ ھازىر نە دادىنىڭ، نە ھەدىلىرىنىڭ گېپىگە كىرمەيدۇ، ھەر كۇنى ئويگە كەچ كىرىدۇ-دە، بەزىدە غىزالىنىدۇ، بەزىدە كىرگىنىچە ئۇدۇل كارۋىتىغا ئوزىنى تاشلايدۇ. گەپ-سوزلىرىنىڭ ئازلىغى، بىر يەردە جىم تۇرالمىغىنىغا قارىغاندا، بالا بىرسىگە ئاشىق بولۇپ يۇرگەندەك ئىدى، ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا ئويلاش تېخىمۇ قىيىن، چۇنكى تۇنجى مۇھەببەت ياشلارنى تەركى دۇنيا قىلىۋېتىدۇغۇ ئاخىر!...

ئۇ ئويىگە قايتىپ كېلىپ ئالدىراپ جەملىنى ئويغاتتى-دە، ئۇنىڭ چۇگۇلغان چاچلىرىنى تۇزەشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئۇلار سىزنى رەنجىتتىمۇ؟— دەپ سورىدى.

— مېنىڭ كارىم چاغلىق،— دېدى جەملە قىزىق ئالقانلىرى بىلەن ئەزىمجانىنىڭ قوللىرىنى ئاستا سىلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ، — بىرسى مەس بولۇۋېلىپ ھە دەپ گۈلشەنگە چېقىلـ
غىلى تۇردى، گۈلشەن ئاشخانىغا چىقسا ئاشخانىغا، كىچىك
ئۆيگە چىقسا كىچىك ئۆيگە چىقىۋېلىپ بىسەرەمجان قىلدى،
مەن ھاي بەرمىگەن بولسام، روشەن ئۇنى تاياق بىلەن ئۇراتتى...
— ۋاي مۇشۇ ئەكرەمنىڭ غەلۋىسى...
— غەلۋىسىنى ئەمدى كورىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى
جەملە كۈلۈپ تۇرۇپ، — بولغۇسى كېلىنىمىز چاچلىرىدىن
تارتىپ ئايىغىچە لەئلى - دۇردانە بىلەن بېزەلگەن، ياسانچۇق
قىزكەن، بىزنىڭ ئۇنى كېلىن قىلىپ ئەكىرمىگىمىز بىر گەپ
ئوخشايدۇ...
— ئەستا... — ئەزىمجان ئەلەم بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — مەن
ئۇنى بىلىم بىلەن شۇغۇللىنار دېۋىدىم، ئىست...
— بۇنداق ياشلار بەختسىز بولىدۇ: خۇددى بىزگە ئوخـ
شاش، — دېدى جەملە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ، — بىلەمسىز،
مەن ئەللىك يېشىمدا پىروفېسسور بولماقچىدىدىم، ئەمدى قاراڭ
ئۆي ئايىلى. نېمە دېگەن ئازاپ...
— پۇشايمان قىلامسىز؟ — ئەزىمجان ئۇنىڭ قېشىغا ئولتۇردى
ۋە ئايىلىنىڭ ئولتۇرۇشقان لېكىن گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان
كوزلىرىگە تىكىلدى، — مەن سىزنى بەختسىز قىلىپ قويدۇممۇ،
قولۇمدىن كېلىشىچە...
— سىزگە بىلىندۇرمەسكە تىرىشۋاتىمەن دېمەكچىمۇ سىز؟ —
دېدى جەملە ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ، — بىلىمەن، سىزنىڭ

ھەممىلا ئادەمنى بەختلىك قىلغۇڭىز كېلىدۇ، لېكىن شۇنى بىلىڭ، كوممۇنىزىمدىمۇ بەختسىزلەر بولىدۇ...

—راست، تۇرمۇش بولىدىكەن، بەختسىزلىك بولىدۇ...

—پاجىەمۇ بولىدۇ، —دىدى جەمىلە خىيالچانلىق بىلەن،— مەن بۇرۇن ھاياتنى ئاددىلا، كىتاپلاردىكىدەكلا چۈشىنەتتىم، ئېزىش-ئېزىلىش تۈگىسىلا ئىنسانىيەت بەختلىك بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن تۇرمۇش ئۇنداق ئەمەسكەن، ئىنسانلار بىرسى بىرسىنى ئەزمىسىمۇ بەختسىزلىك كېلىپ چىقۋېرىدىكەن، بۇ بەختسىزلىكنى ئىنسانلاردىكى ئارزۇغا ئىنتىلىش، ھەۋەسكە بېرىلىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن...

ئەزىمجان ئايلىنى ئاستا قۇچاغلىدى. جەمىلە ئەزىمجاننىڭ يېرىك يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

—مەن باللاردىن ئەنسىرەيمەن، بولۇپمۇ ئەكرەمدىن! گۈلشەن چىرايلىق قىز، لېكىن چىراي ئۇنى بەختسىز قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن!

مانا شۇ چاغدا تالا ئىشىگى ئېچىلدى-دە، ئويگە گۈلشەن يېنىك قەدەم بىلەن كىرىپ كەلدى. ئەزىمجان قىزىغا بۇرۇلۇپ ئىگە ئىكەن: زىلۋا بوي، ئۇزۇن چاچ، بۇغداي ئوڭ، قاڭشالىق ياقۇت كوزلۇك ھالقىسى، ئاددى لېكىن پاكىز كىيىملىرى ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ

شۇنچە يارىشىملىق، ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۈگىلەك كوزى شۇنچە نۇرلۇق ۋە خىيالچان... ياق، ئەزىمجان قىزىنى بەختسىز قىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ، قىزى ئىلاجسىزلىقتىن سۇ بوتكىسىدا ئىشلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، قانچىلىغان ئاچكوز كوزلەر ئۇنىڭغا تىكىلىدۇ، يەنە قانچىلىغان گال پىچاقتەك جاننى قىينىغۇچى سوزلەر ئۇنىڭ شەنىگە تېگىدۇ... لېكىن گۈل-شەن "ئىشسىز قىز" دىگەن سوزدىن ئوزىنى قوغداش ئۈچۈنلا ئۇنىنچى سىنىپنى ئەلا پۈتتۈرگىنىگە قارىماي، بۇ ئىشقا، كوز-لەرگە، سوزلەرگە بەرداشلىق بەرمەكتە. ئۇ ھەر كۈنى ئويگە قانچىلىك ئازاپنى ئىچىگە يۇتۇپ قايتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىنى كىم سوراپتۇ...جەملە توغرا ئېيتىدۇ، ئۇ ھازىر بىر خىل روھىي پاجىە ئىچىدە تۇرۇۋاتىدىغاندۇ، ئۇنى بەختلىك قىز دىيىشكە ئەزىمجانىنىڭ راستلا تىلى بارمايدۇ-دە!...

دىمەك ئەزىمجان ئاۋال مۇنۇ گۈلشەن ئۈچۈن يول مېڭىشى كېرەك، ئۇ كېلەر يىلى 25 ياشقا كىرىدۇ، ئاخىرقى قېتىم ئىمتىھان بېرىپ ئالى مەكتەپكە كىرىشكە ئۇرۇنۇپ باقسۇن، ئوتەلمىسە، ئۇنىڭغا كوڭۈللۈك بىر خىزمەت تېپىپ بېرىش كېرەك. ئامال بولمىغاندا، ئەزىمجان ئوزى پېنسىيىگە چىقىپ، قىزىنى ئوز ئورنىغا ئىشقا كىرگۈزۈپ بولسىمۇ خوشال قىلىدۇ...

تاتىرىپ كەتكەن گۈلشەن دادىسى بىلەن ھەدىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى-دە، ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ بىردەم تۇردى. ئەزىمجانىنىڭ ئىچى سېرىلدى. ئۇ: "گۈلشەن ئەمدى بۇ ئىشنى

پۇل ئەكېلىپ بەردى. ئۇ پۇلنى ئاۋانس ئالدىم دەپ ئېيتتى.

ئەزىمجان نىملا قىلمىسۇن، ئوغۇل ئويلەيدىغان ئەر بولغىنى ئۈچۈن بارلىق ئېغىرچىلىقلارنى كوتەردى. قىزنىڭ تەرسا ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلىش، يىراق-يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى ئالدىن كۇتۇۋېلىش، ئوغلىنىڭ ھوجرىسىنى زامانغا لايىق قىلىپ ئىشكاپ، سىم كارۋات، دىۋان، گىلەملەر بىلەن بېزەش ئىشلىرى قانچىلىك كۈچ ۋە چىقىم تەلەپ قىلسىمۇ، ئەزىمجان غىمىنى قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز كوڭلىدە "ئوغلۇمنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن جاپا تارتىۋاتىمەن، مانا بۇ ئاتا بولغۇچىنىڭ تۇرمۇشتىن ئالىدىغان بىر لەززىتى" دەپ ئويلايتتى.

توي داغدۇغا بىلەن خوشال-خورام، چىرايلىق ئۆزىدى.

لېكىن تويدىن كېيىنكى كوڭۇلسىزلىكلەرنى تۇگىتىش ئەزىمجان ئۈچۈن تەسكە چۈشتى. ئۇلار بىر ئېغىز ئوينى ئوغلىغا بوشىتىپ بېرىپ ساراي بىلەن ئاشخانىغا تىقىلىپ قالدى. سارايىنىڭ ياخشى جابدۇقلىرى ھوجرىغا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، خېلى كۈنلەرگىچە جەمىلىنىڭ قاپىغى ئېچىلمىدى. گۇلشەن بولسا ئويدە ئاخشىملا بولاتتى، ئۇ كەم سوز، تېخىمۇ خىيالچان بولۇپ قالدى، بۇلارنى كورۇپ ئەزىمجاننىڭ ئىچى سىرىلاتتى.

ئارىدىن ئون كۈن ئوتكەندىن كېيىن جەملە يىغلاپ تۇرۇپ مۇنۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى: قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بېرىش ئۈچۈن ئەكرەم بىرسىدىن 300 سوم قەرز ئالغان ئىكەن، پۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگىسى ئىككى كۈندىن بېرى ئەكرەمدىن قەرزىنى قىستاۋېتىپتۇ.

— يىغلىماڭ جەمىلە، يىغا بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئەمەسقۇ بۇ، — دېدى ئەزىمجان يەنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. — مەن بىر يولىنى قىلاي...

— بىر قېتىم بەل ئۇشتۇلسا ئوڭلانماق تەس. لېكىن بالىنىڭ خۇي-پەيلىنى تۈزىمەك تېخىمۇ تەس. ئەكرەم ئىچىشتىن باش-قىنى بىلمەيدىغان بولدى. ھېچ بولمىسا رادىيو ئاڭلىسىمۇ بىر بىلىم ئىدىغۇ، ئىسىت، ئىسىت، ياشلىقىنى زايا قىلىۋاتقىنىنى...

— بىر يولى بولۇپ قالار... تۈزۈلۈپمۇ قالار، جەمىلە...

ھەممىدىنمۇ گۈلشەننىڭ خىيالچانلىقى ئەزىمجاننى قىينايتتى. ئۇ بىر كۈنى قىزى بىلەن يالغۇز قالغاندا:

— نىمە بولدۇڭ قىزىم، نىمىشقا روھسىز يۈرىسەن، ئۆتكەن ئىشنى ئويلىما،' كەلگۈسىنى ئويلا، شۇ چاغدا ئارزۇ، ئۈمىت سېنى خوشال قىلىدۇ بالام. كېلەر يىلى جەزمەن ئالى مەكتەپكە كىرەلەيسەن... — دېدى.

— مەنمۇ قۇرۇلۇشتا ئىشلەيمەن دادا، — دېدى قىز كوزلىرىگە ياش ئېلىپ، — ئۆزەمنى ئايىغىنىم، نومۇس قىلمەن دىگىنىم بىلەن نومۇس بوسۇغىمىزغا ئۆزى كېلىۋاتسا.. ئەكرەم ھەجەپ ئويلىمايدىكەنغۇ، ئەكە ئۆسكەن بالا شۇنچە باشباشتاق بولامدى-كىن تاڭ، ئاتا-ئانا دىگەننى شۇنچە كوتىرىشلىك ھىساپلامدىكىن...

— 300 سومنى ئۆزۈۋەتتىم قىزىم، — دېدى ئەزىمجان كۈلۈپ

پۇل ئەكېلىپ بەردى. ئۇ پۇلنى ئاۋانس ئالدىم دەپ ئېيتتى.
ئەزىمجان ئىملا قىلمىسۇن، ئوغۇل ئويلەيدىغان ئەر بولغىنى ئۈچۈن بارلىق ئېغىرچىلىقلارنى كوتەردى. قىزنىڭ تەرسا ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلىش، يىراق-يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى ئالدىن كۈتۈۋېلىش، ئوغلىنىڭ هوجرىسىنى زامانغا لايىق قىلىپ ئىشكاپ، سىم كارۋات، دىۋان، گىلەملەر بىلەن بېزەش ئىشلىرى قانچىلىك كۈچ ۋە چىقىم تەلەپ قىلسىمۇ، ئەزىمجان غىڭ قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز كوڭلىدە "ئوغلۇمنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن جاپا تارتىۋاتىمەن، مانا بۇ ئاتا بولغۇچىنىڭ تۇرمۇشتىن ئالىدىغان بىر لەززىتى" دەپ ئويلايتتى.
توي داغدۇغا بىلەن خوشال-خورام، چىرايلىق ئۆزىدى.
لېكىن تويدىن كېيىنكى كوڭۈلسىزلىكلەرنى تۇگىتىش ئەزىمجان ئۈچۈن تەسكە چۈشتى. ئۇلار بىر ئېغىز ئوينى ئوغلىغا بوشىتىپ بېرىپ، ساراي بىلەن ئاشخانىسىغا تىقىلىپ قالدى. سارايىنىڭ ياخشى جابدۇقلىرى هوجرىغا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، خېلى كۆنەرگىچە جەمىلىنىڭ قاپىقى ئېچىلمىدى. گۈلشەن بولسا ئويدە ئاخشىملا بولاتتى، ئۇ كەم سوز، تېخىمۇ خىيالچان بولۇپ قالدى، بۇلارنى كورۇپ ئەزىمجاننىڭ ئىچى سىرىلاتتى.
ئاردىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جەمىلە يىغلاپ تۇرۇپ مۇنۇ ئەهۋالنى مەلۇم قىلدى: قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بېرىش ئۈچۈن ئەكرەم بىرسىدىن 300 سوم قەرز ئالغان ئىكەن، پۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

ئىگىسى ئىككى كۈندىن بېرى ئەكرەمدىن قەرزىنى قىستاۋېتىپتۇ.
— يىغلىماڭ جەملە، يىغا بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئەمەسقۇ بۇ، — دېدى ئەزىمجان يەنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — مەن بىر يولىنى قىلاي...
— بىر قېتىم بەل ئۇشتۇلسا ئوڭلانماق تەس. لېكىن بالىنىڭ خۇي-پەيلىنى تۈزىمەك تېخمۇ تەس. ئەكرەم ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بولدى. ھېچ بولمىسا رادىيو ئاڭلىسىمۇ بىر بىلىم ئىدىغۇ، ئىسىت، ئىسىت، ياشلىقىنى زايا قىلىۋاتقىنىنى...
— بىر يولى بولۇپ قالار... تۈزۈلۈپمۇ قالار، جەملە...
ھەممىدىنمۇ گۈلشەننىڭ خىيالچانلىقى ئەزىمجاننى قىينايتتى. ئۇ بىر كۈنى قىزى بىلەن يالغۇز قالغاندا:
— نېمە بولدۇڭ قىزىم، نېمىشقا روھسىز يۈرىسەن، ئۆتكەن ئىشنى ئويلىما،' كەلگۈسىنى ئويلا، شۇ چاغدا ئارزۇ، ئۈمىدىڭنى خۇشال قىلىدۇ بالام. كېلەر يىلى جەزمەن ئالى مەكتەپكە كىرەلەيسەن... — دېدى.
— مەنمۇ قۇرۇلۇشتا ئىشلەيمەن دادا، — دېدى قىز كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — ئۆزەمنى ئايىغىنىم، نومۇس قىلىمەن دېگىنىم بىلەن نومۇس بوسۇغىمىزغا ئۆزى كېلىۋاتسا.. ئەكرەم ھەجەپ ئويلىمايدىكەنغۇ، ئەكە ئۆسكەن بالا شۇنچە باشباشتاق بولامدىكىن تاڭ، ئاتا-ئانا دېگەننى شۇنچە كوتىرىشلىك ھېساپلامدىكىن...
— 300 سومنى ئۆزۈۋەتتىم قىزىم، — دېدى ئەزىمجان كۈلۈپ

تۇرۇپ، — تەرجىمە قىلىۋاتقان كىتاپقا ئالدىن ئاۋانس ئالدىم.

— يەنە چىقىۋاتىدۇ، — دېدى گۈلشەن ئاستا پىچىرلاپ، — كېلىنىمىز تۇنۇگۈن ماڭا ئەكرەمنىڭ يەنە قەرزى بار دەپ ئېيتتى.

— يەنە؟

— ھەئە، تويدا تاقاپ تۇرىسەن دەپ بىرسىنىڭ ياخشى سائىتىنى ئالغان ئىكەن، تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. سائەت ئىگىسى 500 سوم تولەيسەن دەپ كۈندە كېلىپ جىدەل قىلىۋاتقۇدەك!

ئەزىمجاننىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. 300 سومنى ھازىرلىغىچە، ئاۋانس ئېلىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ يەردىن تەستىقلاتقىنى، سوغاق مۇئامىلە، ئاچچىق گەپلەرگە ئۇچرىغانلىغى ئۇنىڭ يادىغا كەلدى. ئۇنىڭ پىشانىسى تۈرۈلدى، ئۈچ كۈندىن بېرى قىرىلمىغان يىرىك ساقاللىرى تىترىدى: "جەمىلە بۇ ئىشنى بىلمىسۇن، ئۇنى ئازاپلاشنىڭ ھاجىتى يوق، تولەيمەن، قانداق قىلىمەن، قىزىمنىڭ كوز يېشىنى، ئوغلۇمنىڭ خىجالىتىنى ئاتىلىق بۇرچۇم بىلەن يوقىتالمىسام مېنىڭ نەرىم ئادەم بولىدۇ. ھەي ئەكرەم، نىمىشقا داداڭغا ياكى ھەدەڭگە مەسلىھەت سالماي ئىش قىلغانسەن، سائەت تاقىغىڭ كەلگەن بولسا مەن بىر ئامال قىلمايتتىممۇ، ھەي، ئىسىت..." دەپ ئويلىدى. لېكىن قىزىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى-دە:

— شۇنىڭغا يىغلىدىڭما؟ قانچىلىك ئىش بۇ، خوشال-خورام يۈرگىنە جېنىم بالام، نىمە ئىش بولسا ماڭا دەڭلار، غەم

قىلماقلار، دادا بولغان ئادەم بۇنچىلىك جاپا تارتمىسا ئاتىلىق بۇرچىنى ئورۇنلىمىغان بولىدۇ قىزىم، قورۇلۇشتا ئىشلەيمەن دىمە، دەرسىڭنى تەكرارلا، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىل!

—قىشنىڭ كەم-كۇتىسىچۇ...—دىدى گۈلشەن قوشۇمىسىنى سوزۇپ دادىسىغا يېلىنىپ،—بۇ يىلمۇ پەلتو كىيەمەي تۇراي، ھەدەمنىڭ قاپىغى ئېچىلمايدىغانلا بولىدى، قىشنىڭ غېمىنى، سىنىڭ غېمىڭنى تولا قىلىدۇ. ھەر قېتىم ئۇنىڭ قاپاق تۈرگىنىنى كورسەم يىگنە يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ كېتىمەن زادى...

دادىسىنى ئاياپ ئېيتىلىۋاتقان بۇ سوزلەر ئەزىمجاننىڭ يۈرىكىنى ئەزدى:

—ياق، قىزىم، ھەدەڭنىڭ قاپىغىنىمۇ ئوزەم ئاچىمەن، ھەرقانچە زەھەرلىك يىگنە بولسىمۇ داداڭلا يۇتۇپ ئارىلىشىپ كەتسۇن...

كېلىن ئاتا-ئانىسىنىڭكىدە قونۇپ قالىغان بىر كۈنى كەچتە ئەزىمجان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىش، ساماندەك سارغىيىپ يۈرۈپ ئۇ يەر-بۇ يەردىن قەرز ئېلىپ ھازىرلىغان 500 سوم پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن ئوغلىنىڭ ھوجرىسىغا كىردى: ھوجرا قۇرۇقدالغان، تامدىكى گىلەم، ئىشكاپ يوق، دەرىزىلەردىكى تور پەردىلەر، كىيىم ياپقۇچلىرىمۇ ئېلىنغان، ئەكرەم چالا مەس ھالدا تاماكىسىنى شوراپ دىۋاندا يېنىچە ياتاتتى:

—بۇ نىمە گەپ؟—ئەزىمجان ئوغلىغا تۇنجى قېتىم غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى،—تاشلا قولۇڭدىكىنى!

قارىداپ، جۇدەپ كەتكەن ئەكرەم ئۈستىگە سوغ سۇ قۇيۇل-
غاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋە تاماكىنى يەرگە تاشلاپ
دەسسىدى-دە، بېشىنى ساڭگىلاتتى، ئۇنىڭ قوللىرى هازىرلا
مۇرىسىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشىدىغاندەك لاگاسلاپ تۇراتتى.

—كېلىن قېنى؟

—يامانلاپ كەتتى...

—ئۇرغانمىدىڭ؟...

—ياق.

—هە، نېمىگە ئەمىسە؟

—گىلەم بىلەن ئىشكاپنى ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئالدىدا
تارتىپ كېتىۋىدى، نومۇسقا چىدىماي يامانلاپ كەتتى.

—مە، مۇنۇ پۇلنى ئاپىرىپ بېرىپ گىلەم بىلەن ئىشكاپنى
قايتۇرۇپ كەلگىن!...

ئەزىمجان پۇلنى غەزەپ بىلەن ئۈستەلگە تاشلىدى-دە،
ئۆيدىن بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كوزلىرىدىن بۇ قېتىم
ياش ئەگىدى. بۇ ياش ئۇنىڭ ئوزى تارتقان جاپاغا بەرداشلىق
بېرەلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، ئوغلىنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپلىرىغا
ھىسداشلىق قىلغانلىقىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئىدى.

3

"سەن بەخت ئىزدەيسەن، لېكىن پالاكەت سېنى ئىزدەيدۇ،

سەن خوشاللىق ئۈچۈن ياشايمەن دەيسەن، لېكىن كۆڭۈلسىزلىك چۈشىنىدەك بېشىڭدا گىرىلداپدۇ... مېنىڭ خوشاللىقىم، مېنىڭ ئۈمىدىم، مېنىڭ بايلىقىم ۋە كۆڭۈل ئارامىم باللىرىم ئىدى، نەدىسەن مېنىڭ جان-جىگەر ئوغلۇم!"

ئۈچ كۈندىن بېرى باللىسىنى ئىزدەپ ھالىدىن كەتكەن، نەئۈيقۇ، نە تاماققا كۆڭلى تارتماي، قوزىسىنى يوقاتقان قويدەك يالغۇز جايلاردا ياش توككەن ئاتا خاتىرىسىنى مۇشۇ سوزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

ئۇ باللىسىنىڭ ھوجرىسىدا يېرىم كېچىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ ھېلىدىن-ھېلىغا ئوغلىنىڭ رامغا ئېلىنغان سۈرىتىنى ئېلىپ باغرىغا باساتتى ۋە تاراملاپ توكۈلۈۋاتقان كوز ياشلىرى بىلەن رام ئەينىكىنى نەملەيتتى.

بۈندىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ ئوغلى يوقاپ كەتكەندە، بۇنىڭ سەۋىۋىنى ئەزىمجان بىلگەن ئىدى: كېلىن نومۇس كۆچىدىن ئەمدى بۇ ئۆيگە كەلمەيدىغان بوپتۇدەك، ئەكرەم ئۇنىڭسىز ھاياتنى مەنىسىز ھىساپلىغان-دە، ئۇستەلگە ئىككىلىك خەت قالدۇرۇپ دىرەكسىز يوقالغان، مانا ئۇنىڭ خېتى ھازىر دادىسىنىڭ يانچۇقىدا. نۇرغۇن ئوقۇلۇپ، ياشقا ملىنىپ رەڭگى ئوزگىرىپ كەتكەن قەغەزدىكى گەپلەر ئەزىمجانىنىڭ يادىدا ئىدى: "خەير دادا، ھەدە، قېرىنداشلىرىم! بىۋاپا-ئەرزىمەس ئوغۇلنى ئۇنتۇڭلار، نومۇسلۇق ئولۇم نومۇسسىز ھاياتتىن ئەۋزەل، دادام دائىم مۇشۇنداق دەيتتى. مانا مەن بۈگۈن ۋىجدان

ئالدىدا دادامنىڭ تەلىمىنى ئورۇنلىماقچى بولۇۋاتىمەن، خەير!"

"ئورۇنسىز قارامىلىق ئەقىلسىزلىقنىڭ بەلگىسى"① دېگەن داڭلىق سوزگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ئەزىمجان بالىسىنىڭ بۇ قىلمىشىنى قارامىلىق دەپ قارىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بالىسىنى ئەقىلسىز دىيىشكە تىلى بارمايتتى. ئۇنىڭچە، ياشلىق غۇرۇرى، ھاياتتىن مولراق لەززەت ئېلىشقا ئىنتىلىش تۇيغۇسى ئۇنىڭ ئوغلىنى نابۇت قىلغان ئىدى. "بەزىدە ۋىجدانىمۇ بىر ئوق، ئۇ ئەجەل ئېلىپ كېلىدۇ، مەيلى سوقۇشتا ياكى تىنچ ۋاقىتتا بولسۇن، ھامان ۋىجدانلىقلار بۇرۇن ۋە كوپ ئولىدۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ ئوزىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن. ئۇ ئوغلىنىڭ ھالاكىتىدە ئوزىنىڭ قانچىلىك مەسئۇلىيىتى بارلىغى ئۈستىدە ئويلاندى: "ناۋادا ئىقتىسادىي شارائىتىم ياخشى بولغان بولسا، تۇرمۇشۇم باياشات بولغان بولسا، بۇ پاجىمە بولمىغان بولاتتى. نىمىشقا ئوغلۇمنىڭ تويىدا سائەت تاقايدىغانلىغىنى ئويلىمىدىم. مەنمۇ تويۇمدا سائەت، گالىستوك، يەنە ئاللىقانداق نىمىلەرنى تاقىغان ئىدىمغۇ؟ ياشلىق ھەۋىسى ئاچارچىلىقتا ئوخشايدۇ، ئۇ ھاياتتىن ھەممىلا نىمىنى ئولچەمدىن جىق ئېلىشنى خالايدۇ، قانات بەرمىگىنى ئۈچۈن خۇدادىن رەنجىيدىغان ياشلارمۇ بولىدىغۇ، مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ ھاياتتىن تەلەپ قىلغىنى ئاددىيلا

---

① ۋىكتۇر گيۇنىڭ سوزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەرسىلەر: گىلەم، كارۋات، ئىشكاپ، سائەت... قاتارلىق نەرسى-
لەرغۇ، بۇ نەرسىلەرنى تەل قىلىپ بەرگەن بولسام، ئۇ ئايىلى
بىلەن قانچىلىك لەززەتلىك كۈن ئۆتكۈزگەن بولاتتى... ئەپۇ
قىل ئوغلۇم، سېنى بەختلىك قىلالمىدىم، ئاتىلىق بۇرچۇمنى
ئادا قىلالمىدىم..."

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ يالغۇز ئۆيدە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى...
لېكىن ئۇ كوز يېشىنى ھېچكىمگە كورسەتمىدى. ئارىدىن ئۈچ
كۈن ئوتكەندىن كېيىن يىراق-دەريا ساياگۇسىدىن ئەكرەمنىڭ
كوپۇپ-كوكىرۇپ كەتكەن جەسىدى تېپىلدى. ناماز كۈنى
باشقىلار ھازا ئېچىشتى. لېكىن ئەزىمجاننىڭ كوزىدىن ياش
تېمىپ قويمىدى. ئۇ بېلىگە ئاق باغلاپ، كوزىنى يېرىم، لەۋلىرى-
نى مەھكەم يۇمۇپ ھويلا ئىشىگى يېنىدا تىك تۇرۇپ، پەتچە-
لەرنىڭ "ئەلھوكمۇلىللا" دەپ ئۇزاتقان قوللىرىنى بوشلا تۇتۇپ
قوياتتى. يېقىن دوستلىرى كەلگەندە بېشىنى بىلىنەر-
بىلىنمەس لىڭشىتىپ قوياتتى. باشقىلار بۇ ھالىنى كورۇپ:
"باغرى تاش ئادەمكەن" دېيىشتى. لېكىن ئۇلار ئەزىمجاننى
چۈشەنمىگۈچىلەر. ئەزىمجان ئەزەلدىنلا ياسالما قىلىقلارنى
ياقتۇرمايدىغان ئادەم. ئۇ بىلىدۇ: ھەرقانداق يىغا-زارە، نالە-
پەريات ئۇنىڭ دەردىنى ئازايتالمايدۇ، يۈرىكىگە چۈشكەن
ئوتنى پەسەيتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە "ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا
قىلالمىدىم" دىگەن ئارمان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوت بولۇپ ياناتا-
تتا، ئۇتنى يىغا بىلەن ئوچۇرگىلى بولاتتىمۇ؟

"تۇرمۇش رەھىمسىز، ئىنسان چىدامىلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھاياتىنى لەززەت ئالالايدۇ"، "مۇشۇ بالامدىن ئايرىلسام بىر كۈنمۇ ھايات تۇرالمايمەن" دەيدىغان تالاي-تالاي مېھرىۋان ئاتا-ئانىلار جۇدالىق ئوتلىرىغا يىغلاپ-قاخشاپ يۈرۈپ ئاخىر كونىگەن، خۇددى كوز ياشلىرى يۈرەك زەرداپلىرىنى يۇيۇپ تۈگىتىۋەتكەندەك، ئۇلار بىر كۈنلىرى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ رەھىمسىز تۇرمۇشقا يەنىلا كۆلۈپ تۇرۇپ قارىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇ ئىنسانىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمرىيى ئەمەس، ئىنسان ھامان خوشاللىق، بەخت ئىزدىگۈچى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەممىگە چىدىيالايدۇ... مۇشۇ خىياللاردىن كېيىن ئەزىمجانغا قالغان ئۈچ بالىسى تېخىمۇ قەدىرلىك ۋە ئەتىۋارلىق بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى بالىلىرىغا غەمخورلۇق قىلىش ئوز ھاياتىنىڭ مېغىزى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھىس قىلدى.

كۈنلەر، ئايلار ئەزىمجانغا خوشاللىق ئېلىپ كەلدى: گۈلشەن ئوقۇشقا كەتتى، روشەن رەسمى ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئويدە جەملىنىڭ ناخشىسى توختىمايدىغان بولدى.

— ئەكرەم بار بولغان بولسا، ئىشقا ئورۇنلىشىپ قالاتتىكەن! — دەيتتى جەملە بەزىدە چوڭقۇر خىيالدىن بېشىنى كوتىرىپ. ئۇ بۇ گەپنى ئەزىمجانىڭ ئاپپاق ئاقارغان چاچلىرىغا، تاشلىۋەتكەن تاماكا، ھاراقنى يەنە تېپىۋېلىپ مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىدىغان بولۇۋالغىنىغا قاراپ، ھىسداشلىق يۈزىسىدىن ئېيتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەزىمجان بالىسىنى ھەر كۈنى ئويلايتتى. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە جەمىلە ئەزىمجاننىڭ ئوغلىنىڭ سۈرىتىگە تەلمۈرۈپ ئۇزاق قارىغانلىقىنى، جەمىلىگە كوزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، جەمىلىنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى بىلگەندىن كېيىن سۈرەتنى باغرىغا باسقىنىنى، كوزلىرىگە سۈرتكىنىنى. تارامىلاپ توكۈلگەن كوز ياشلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ ئاچچىق موخۇركىنى شوراپ چەككىنىنى كورۈپ قالدى. دىمەك، ئەزىمجان ئايىلى، دوستلىرى ۋە بالىلىرى ئالدىدا خوشال-خورام قاقاقلاپ كۈلگىنى بىلەن، ئازاپلىق كۈنلەرنى تېخىچىلا بېشىدىن ئوتكۈزمەكتە ئىدى. جەمىلە ئۇنىڭ ئومۇرلۇك سىردىشى بولغىنى ئۇچۇن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشى، ئۇنىڭ كوڭلىنى ئايىشى. ئۇنىڭغا ھار كېلىدىغان ئىشلارنى، سوزلەرنى قىلماسلىقى لازىم. جەمىلە ئوز ھاياتىدا كوزلىگەن ئارزۇلىرىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ياخشى ھەمراغا ئىگە بولدى، ئوز ھەمرىيىغا يار-يولەك بولۇش ئۇنىڭ بۇرچى، ئۇ شۇ بۇرچىدىن خوشاللىق تاپىدۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ جەمىلە ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ ئوي ئىشلىرىنى ئوزى قىلىدىغان، ئاخشاملىرى دەرس تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن ئەزىمجاننىڭ قول يازمىلىرىنى كوچۇرۇشۇپ بېرىدىغان، روشەنگە سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەركىنگە غەمخورلۇق قىلىدىغان بولدى.

تۇرمۇش بەزىدە ئادەمگە مېھرىۋان ئانىدەك شەپقەتلىك كورۈنىدۇ، نىمىنى تەلەپ قىلساڭ شۇنى بېرىدۇ، ھەتتا ئارزۇ

قىلغىنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىدۇ. سەن شۇ چاغدا بۇ سېخى ئانىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزەڭگە ياراشمايدىغان قىلىق-لارنى ئويلاپ تاپىسەن...

جەملە ئېرىنى ئۆزىگە ياراشمايدىغان خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى: ئۇ كۆندىكىدەك خىيالچان، كەم سۆز ئەمەس، گويا ئۆزىنىڭ باشقىلارنى مەپتۇن قىلىش كۈچىگە ئىگە قىز ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم بىلگەن ياش قىزدەك قىن-قىنىغا پاتماي قالغان ئىدى، ئۇن ئالتە ياش ۋاقتىدىكى قىلىقلىرىنى تەكرارلاپ قاپاقلىرىنى سۈزەتتى، قاشلىرىنى ئۇچۇراتتى، چىرايلىق لەۋلىرىنى ھىمىرىپ قوياتتى...

— سىزدە بالىلىقنىڭ ساقىندىلىرى، ياق، ساقىندا ئەمەس، يالدامىلىرى مولكەن جەملە، — دېدى ئەزىمجان كۈلۈپ تۇرۇپ ئايىلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ھەم خۇشالمەن، ھەم خىجىل...

— قويسىڭىزا! — دېدى جەملە ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇپ قاپاق-لىرىنى سۈزۈپ، — خۇشال بولۇڭ، ئۆزىڭىزگە ياراشمىسىمۇ ياشلاردەك جۇشقۇن بولۇڭ، كۆڭلىڭىزدىن بارلىق قايغۇ-ھەسرەتلىرىڭىزنى چىقىرىۋېتىڭ، مەن سىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئوغرىلىقچە بىر ئىش قىلىپ، ئاخىر غەلىبە قىلدىم، تېپىڭا، بۇ قانداق ئىش؟

ئۇ نازۇك ئەكىلىك بىلەن ئەزىمجاننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى ۋە ئىككى قولىنى كىيرە قىلىپ ئەزىمجاننىڭ سول مۈرىسىگە تاياندى، ئەزىمجان يالغۇز ئۆيدە بولۇۋاتقان بۇ ئەكىلەشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خوشاللىق ۋە ھاياجان بىلەن قوبۇل قىلدى-دە، ئايلىنىڭ بېشىنى سىلىدى، چاچلىرىنى پۇرىدى:

— چۈشىنىمەن جەملە، — دېدى ئۇ بىردىنلا مۇڭلىنىپ، — مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن سىز ھەرنېمە قىلىشقا تەييار، لېكىن ماڭا غەم-قايغۇ دېگەن ئۆتمۈش، خوشاللىق كەلگۈسى. بىلىسىز، مەن كەلگۈسىگە قاراپ مېڭىۋاتىمەن. دېمەك، مېنىڭ ھەمرىيىم خوشاللىق...

— قويسىڭىزا! — دېدى جەملە ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇپ، — ماڭا ياسالما گەپلەر بىلەن ئۆزىڭىزنى ئۇستۇۋار قىلىپ كۆرسەتمەڭ، ئۇنىڭدىن كۆرە بايىقى سوئالغا جاۋاپ بېرىڭ، مەن نېمىدە غەلىبە قىلدىم؟

— يوشۇرۇنچە بىر كىتاپ تەرجىمە قىلدىڭىز؟

— ياق... — جەملە ئاستا بېشىنى چايقىدى.

— ماڭا كاستۇم-بۇرۇلكا تىكتۇردىڭىزمۇ؟

— ياق...

— ھېلىقى ئۆي دەۋاسى ھەل بولغاندۇ؟

— يا...ق...

— ياكى...

— ياق...

— ئۇنداق بولسا تاپالمىدىم، — دېدى ئەزىمجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — قالغىنىغا ئۆزىڭىز جاۋاپ بېرىڭ.

جەملە ئەزىمجاننى قولىدىن تۇتۇپ كىچىك ئۆيگە باشلاپ

كـىردى ـ دە، ماموُق ياسـتۇقـلار ئارىسىدا ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنىڭ يۈزىنى ئاچتى. يۇمۇلاق، قاش ـ كىرپىگى قويۇق، بۇرنى چىمدىپ قويـغانـدەك چىـرايـلىق، يۇمـران بوۋاق ئوماق لەۋلـىرىـنى مىـدىرلىتـىپ قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى.

ــ كىچىك ئەكـرەم!ــ دىـدى ئەزىـمجان ئايىلـىنى چىـڭ قۇچاغلاپ،ــ مىنىڭ پۇچـۇلانغان يۈرىگىمـنى پۈتۈن قىلـدىڭىز جەمىلە، مىنىڭ قەدىردانىم...

بۇ كىچىككىنە جان ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئۆزى بىلەن نەچچە يۈز ھەسسە چوڭ خوشاللىق، ئاۋاتـلىق ۋە ھارارەت ئىلىپ كەلدى. ئەزىمجاننىڭ ئىشىمۇ، خوشاللىغىمۇ، ناخشىسىمۇ كوپىيىپ كەتتى. ئۇ كىچىلىرى تۇرۇۋىلـىپ، بۇ تىلـسىز بالا بىلەن سائەت ـ سائەتلەپ پاراڭلىشاتتى، ئۇنىڭ يوگەكلىرىنى ھىلىدىن ـ ھىلىغا يوتكەيتتى، يۇياتتى، بالىغا سۈت ياكى بولماق بىرىش ئەزىمجان ئۈچۈن شۇنچىلىك كوڭۈللۈك ئەمەك ئىدى. ئەزىـمجان كۈتكەن خوشاللىق ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە كامالەت تاپماقتا، ئەزىمجاننىڭ قەلەم ھەقـقى، روشەنـنىڭ ئايلىـغى، جەمىلەنىڭ سىخىلىـغى، گۈلشەننىڭ ئالى مەكـتەپتە ياخشى ئوقۇۋاتقىـنى، ئەركىـنىڭ تولۇقسىز سىنىپتا ئەلا ئوقۇۋاتـقىنى...مانا بۇلار ئەزىمجان كۈت-كەن ئارزۇلار ئەمەسمىـدى؟ ئەكرەمـنىڭ ئۈنـىنى مۇڭلۇق ئەنۋەر ئۈچۈردى. مانا ئۇ ئەمدى تەمتىلەپ ماڭىدىغان، ئەزىمجانـنىڭ ياقىسـىغا چىـڭ ئىسـىلىۋىلـىپ: "داد...داد...دا..." دەيدىـغان بولدى. "بەخت،ــ دەپ ئويلىدى ئەزىمجان ئۆيىگە ئۆز ۋاقتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدىراپ كېلىۋېتىپ، — كۆتكىنىم بولۇۋاتىدۇ، تېلېۋىزور ئالدۇق، كىيىم-كېچەكلەر پۈتۈن بولدى، ئەمدى بانكىغا پۇل قويىدىغان چاغ كەلدى، ئۈچ يىل پۇل قويساق بىرنەچچە مىڭ يۈەن بولۇپ قالىدۇ، جەمىلىنىڭ پىكرى توغرا، ئەركىنىنى ئالى مەك-تەپكە ئۆزىتىپلا پېنسىيىگە چىقىمەن، يېزىمىزغا راسا كېلىشتۈرۈپ جاي سېلىۋالساق... ئىجادىيەتتە ئۆزەمنى سىناپ كورسەم، يامان ئەمەسكەنمەن، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن، تىل، تارىخ تەتقىقاتىمۇ بار، ھەي ئەمدى ماڭا زورۇرى سالامەتچىلىك. باياشاتچىلىق، ئىستىقبال ئۈچۈن كەڭ يول ئالدىمدا تۇرىدۇ. ئەمدىكى گەپ سالامەتچىلىكتە. ھەي، مۇشۇ يۈرىگىمنىڭ سالىدىغىنى...“

ھازىر ئۇ تۇرمۇشتا جىددىيلىكتىن قۇتۇلغان، بىر خىل سالماق قەدەم بىلەن ئۆزىنى جۇۋۇتماي كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. لېكىن ئۇ قاتتىق چارچىغانلىقىنى ئەمدى سەزدى. گويا بىر پەللىنى كوزلەپ ماڭغان ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ مەنزىلگە يەتكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ پۈتۈن قۇۋۋىتىدىن ئايرىلغانلىقىنى بىلگەنگە ئوخشاش، ئەزىمە-جانمۇ راھەتكە ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ چارچىغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى.

— دەم ئېلىڭ، — دەيتتى جەمىلە ئۇنى ئۇخلاشقا دەۋەت قىلىپ، — كېچىسى يازماڭ، تېلېۋىزور كورۇڭ، ئەتىۋەر ئۇخلىغان-دىن كېيىنلا يېتىڭ.

— توت ـ بەش سائەتلا ئۇخلىسام ئۇيقۇم قانىدۇ، — دەيتتى ئەزىمجان، — قالغان ۋاقىتنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈش قانچىلىك ئازاپ...

— مېنى ئۇيغىتىڭ، پاراڭ سېلىشىپ ئۆتكۈزىمىز. ئۇيقۇم قانمىسا مەيلى. بىلەمسىز، خوشاللىق كىشىگە قۇۋۋەت بولىدىكەن، مەن ھېچقاچان بۇنىداق خوشال بولمىغان. بىر ئۆيلۈك ھەممىمىزلا كىتاپ ـ بىلىم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز. مانا ھايات دىگەن مۇشۇنداق نەرسە...

لېكىن تۈنلەر ئۇنداق ئۆتمەيتتى. ئەزىمجان يەنىلا سائەت 3 ـ 4 لەردە ئورنىدىن تۇراتتى ـ دە، ئۆي ئىشىنى تۈگىتىپ بولۇپ بىر قۇر ھەركەت قىلغاندىن كېيىن، ئىلمىي ئىش ئۈستىدە ئولتۇراتتى...

كۈكۈللۈك ئايلار ئۆتە ـ ئۆتە بۇ بەختلىك ئۆيگە يەنە يېڭى كۈكۈلسىزلىكلەر شامالدەك شىلدىرلاپ ئاستا كىرىپ كەلدى.

ياندۇرقى يىلى يازلىق تەتىلنىڭ بىر كۈنى، نەق ئەزىمجان دوختۇردىن ئۆزىنىڭ يۈرەك كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلىغىنى بىلىپ كۈكۈلسىز قايتقان ئاشۇ كۈنى ئەنۋەرنىڭ يېنىدا گۈلشەننىڭ يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كوردى. قىزنىڭ قولىدىكى نېپىز ياغلىق چىلىق ـ چىلىق ھول بولۇپ كەتكەن، گۈلشەننىڭ چىرايلىق قاپاقلىرى ئىششىغان ئىدى. ئەزىمجان قىزنى بىلىدۇ، گۈلشەن ئۇڭايلىقچە ياش تۆكمەيدىغان، ئۆز كوز يېشى بىلەن دادىسىنى بىئارام قىلىشنى ھاياتىدا ئۆتىلىدىغان چوڭ خاتالار قاتارىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويۇشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن قىز. قىزنى كورۇپ ئەزىمجاننىڭ يۇرىگى سىقىرىدى، پۇت-قولى بوشاشتى، بېشى ئايلاندى:

—يىغلىما بالام، تەھقىق ئاشۇ روشەننىڭ غەلۋىسى، ئۇنىڭ ياسىنىشلىرى، بىر كۇنى خاپا، بىر كۇنى خوشال يۇرۇشى مېنى ئەنسىرىتىۋىدى، ئىست... مەن مولچەرلىگەن ۋاقىتتىن بۇرۇنراق بوپتۇ...

گۇلشەن دادىسىغا كوز قىرىدا قارىدى، ئەزىمجان ئاۋال تاتىرىپ-سارغىيىپ، كېيىن بىردىنلا قىزاردى-دە، ئاچچىق كۇلۇمسىرىدى:

—چىمدايمەن بالام، يەنە ئون يىل بەرداشلىق بەرگۇچىلىگىم بار، يىغلىما قىزىم، ھەرقانچە چوڭ كوڭۇلسىزلىكنىڭمۇ كىشىگە تەسەللى بولغۇدەك بىر كوڭۇللۇك بۇرجىگى بولىدۇ. ياخشى تەرىپىنىمۇ ئويلا قىزىم، روشەن تەنتەك بولسىمۇ ئەقىللىق، ئۇنىڭ تەۋەككۇلچىلىكى ئىچىدىنمۇ بىزگە تەسەللى بولغۇدەك بىرەر خوشاللىق چىقىپ قالار...

گۇلشەن ئاستا مېڭىپ ئويدىن چىقىپ كەتتى. ئەزىمجان نەۋرىسىنىڭ يېنىغا قىيسايدى، ئۇنىڭ سول كوكرەك قەپىزى سانجىپ ئاغرىشقا باشلىدى.

كەچقۇرۇن گۇلشەن بىلەن ئەركىن ئەنۋەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جەملە ئەزىمجاننىڭ كوزىگە قارىدى:

—نومۇس، توۋا، روشەننىڭ كىتاپ ئوقۇشىقا بېرىلگىنىگە

قاراپ خوشال بوپتىكەنمەن، بايىزە مۇھەببەت ئازاۋىدىن قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن كىتاپقا بېشىنى تىقىۋالغان ئىكەن-دە!
— ئەمدى كەلمەمدىكەن؟...— ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن
ئەزىمجان سورىدى.
— قايسى يۈزى بىلەن كېلىدۇ،— دىدى جەملە يەرگە
قاراپ،— ئۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇشتا بىللە ئىشلەپ يۈرۈپ تېپىش-
قان ئىكەن، ئىككى بالىسى بار، ئۆزى قىرىق ياشلاردا دەيدۇ،
ئەڭ يامان يېرى خىزمىتى يوقكەن... روشەن ئۆز مائاشى بىلەن
توت جان ئادەمنى باققۇدەك...
ئەزىمجان تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى. ئۇ ئايلىدىن قىزى-
نىڭ ئەھۋالىنى بىلدى: روشەن ھەدىسىگە بىر خەت يېزىپ
قالدۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ يوشۇرۇنچە توي قىلىپ
بولغىلى ئۈچ كۈن بوپتۇ، ئۆزى ئىشلەيدىغان قۇرۇلۇش شىر-
كىتىدە مەدىكارچىلىق قىلىدىغان بىر ئاغرىقچان ئادەمگە باغلان-
غىلى ئۈچ يىل بوپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بارلىغى ۋە
ئۆيىدە ھېچنىمىسى يوقلۇغىغا قارىماي، ئاددىيلا توي ئۆتكۈزۈپ
ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىۋاپتۇ...
خۇددى تونۇردىن بېشىنى چىقارغان ئادەمدەك، ئەزىمجانىنىڭ
يۈزلىرى ۋىلىلداپ قىزىدى، تامىغى قۇرۇپ، كوزى قاراڭغۇ-
لاشتى. ئۇنىڭغا ئېغىر بىلىنگىنى قىزىنىڭ قانداق ئادەمنى
تاللىغانلىغى ئەمەس، بەلكى دادىسىغا ئىشەنمىگەنلىگى ئىدى.
— بەختسىزلىك!— دەپ تەكرارلىدى جەملە كوزلىرىگە

ياش ئېلىپ، — كوڭلى يۇمشاق، ئاق كوڭۇل قىز ئىدى، ھەمداشلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر باغلىنىپ قاپتۇ-دە... ھەي، بەختسىزلىك...

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئەزىمجاننىڭ ناخشىسىمۇ، ئەنۋەرنى ئەكىلىتىشلىرىمۇ ئازايدى، ئۇ يەنە كېچىلىرى ئاز ئۇخلايدىغان، سەھەر تۇرىدىغان، كوزەيىنەك تاقىۋېلىپ يېزىق ئۈستىلىدە ھەر كۈنى نەچچە سائەتلەپ مۈكچىيىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

— نىمانچە جان قىينايسىز! — دىدى بىر كۈنى جەمىلە خاپا بولۇپ، — روشەنگە ياردەم قىلىمەن دەپ شۇنداق قىلىۋاتامسىز؟ ئۇيگە ئالىدىغان ھەممە نىمىدىن كېچەي، ھەر ئايدا روشەنگە خالىغانچە ياردەم قىلىڭ، ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ، مەن رەنجىمەيمەن!

— مۇشۇ قولۇمدىكىسى تۈگەپ كەتسۇن، — دىدى ئەزىمجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — توختام تۈزۈپ قويغان، نەشرىياتنىڭ ئىشىغا تەسىر يەتمىسۇن!

لېكىن ئۇنىڭ بۇ گېپى يالغان ئىدى. ئۇ ھەر ئايدا روشەنگە ھىچ بولمىغاندا 50—60 سوم ياردەم قىلىشنى نىيەت قىلىپ قويغان، مۇشۇ ئايدا گۈلشەن ئارقىلىق 50 سوم ئەۋەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلمىسا، روشەن ئىككى ئوگەي بالىسى بىلەن ئىشسىز ۋە ئاغرىقچان يولدىشىنى قامدىيالمايتتى. قامدىيالمىغاندىكىن ئائىلىسىدە كوڭۇلسىزلىك بولاتتى-دە، روشەن راستىنلا

"بەختسىز" بولۇپ قالاتتى. لېكىن ئۇيەدىكى پۇلدىن قىزىغا بەرگەندە ئۆز ئۇيىدە رەنجىش پەيدا بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ-سىزمۇ گۈلشەنىنىڭ تاماق پۇلىغا ھەر ئايدا يىگىرمە سوم، ئەنۋەرنىڭ سۈت ۋە يەسلى پۇللىرىغا ئوتتۇز سوم بولۇپ، بالى-لىرىغا ئەللىك سوم خەجلىنەتتى. جەمىلە ئاغزىدا دىمىگىنى بىلەن كوڭلىدە نىمىلەرنى ئويلايدۇ، بۇ تەرىپى ئەزىمجانغا قاراڭغۇ، ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭلا ئەمەس، مۇنۇ ئايىلىنىڭمۇ بەختى ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلىش بۇرچى بار-دە!

—مەن روشەنىنىڭ ئويىگە بارىمەن!—دىدى بىر كۈنى جەمىلە ھەر خىل ژۇرناللارغا ماقالا تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن كېچىلەپ ئولتۇرۇپ كوزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، يۇزى قورۇلۇپ، قۇرۇپ كەتكەن ئەزىمجانغا ئىچ ئاغرىتىپ،—يولدىشىدىن ئاجراشتۇرۇۋېتىمەن! ئۇ ياخشى بولسا ئىشىسىز قالاتتىمۇ؟ بارلىق بەختسىزلەرنى بەختلىك قىلىشنى سىز ھوددىگە ئالغانمىدىڭىز؟

—نىمىشقا... نىمىشقا بۇنداق ئويلايسىز؟—ئەزىمجان ئايە-لىنىڭ ياش مولدۇرلەپ تۇرغان كوزلىرىگە قارىدى. ئۇ ئايىلىنىڭ ئۇزىنى ئاياپ شۇنداق دەۋاتقىنىنى بىلەتتى. لېكىن نىملا بولمىسۇن، نىكادىن ئاجراشتۇرۇش روشەننى بەختسىز قىلىش دىگەنلىك ئىدى. ئۇ بۇ ئىشقا يول قويمايتتى، ھەتتا بۇنداق ئويلاشقىمۇ قارشى چىقماي تۇرالمايتتى:

—سىز نىمىشقا مۇشۇنداق ئويلايسىز؟—دىدى ئۇ ئايىلىغا يەنە بىر قېتىم،—بەزىدە جەمىيەت، قانۇن، ئادەت ۋە باشقا

زور كۆچلەر بىرلىشىپ تۇرۇپ ئىنساندىكى نازۇك ھىسسىياتقا، مۇھەببەت ھىسسىياتىغا چەك قويىدۇ، ھەتتا بىر بىرىدىن يىرگە- نىدىغان ئىككى ئادەمنى بىر ئۆيدە ياشاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. مەن بۇ زورۇر ۋاستىلەرنى ئەيىپلەشكە ئاجىزمەن. ئەمما قولۇمە- دىن كەلگەن دائىرىدە ئىنسان مۇھەببىتىگە ھورمەت بىلدۇ- رىمەن، مەسىلەن: مېنىڭ قىزىم ئاشۇ تارتىۋاتقان جاپالىرى، ئاڭلاۋاتقان تاپا-تەنىلىرى ھېساۋىغا ئاشۇ ئۆيدىن لەززەت، ئارام ۋە خوشاللىق تاپقان ئىكەن، دىمەك، ئۇ بەختلىك. ئاشۇ ھايات يولى قىزىمغا بەخت بولۇپ سېزىلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئوچمەس داغ قالدۇرۇشقا مېنىڭ ھەققىم يوق!...

جەملە باشقىلارنىڭ كۆڭلى، بەختى ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى سەرپ قىلىۋاتقان مۇنۇ ئادەمنى ئۆزىگە ئۈمۈرلۈك ھەمرا قىلىپ تاللىغىنىغا ئىچ-ئىچىدىن رازى بولدى ۋە كوز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ئېرىنىڭ بېشىنى كوكرىگىگە باستى...

ئايلار ئۆتتى، جەملە ئاچچىغىدىن ياندى ۋە ئەزىمجانلار تۈنجى كۆيوغلىنى كوردى. ئۇ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئەزىمجانغا سالام بەردى. ئەزىمجان ئۆزىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ تۇرغان ئادەمگە قاراپ چىقتى. ئورتا بوي، قاڭشالىق، يوغان كوزلىرىگە قايغۇ يوشۇرۇنغان، ياداڭغۇ يۈزىدە بىر خىل سەۋرى-تاقەت ۋە سالماقلىق چاقناپ تۇرغان ئادەم گۇناكاردەك كوزلىرىنى يەردىن ئالماي تىك تۇراتتى.

— ئۇلتۇرۇك، قېنى ئۇلتۇرۇك! — دېدى ئەزىمجان بىر كونا تونۇشىنى كۈتۈۋالغاندەك قىزغىنلىق بىلەن، — ھە، باللارمۇ كەلدىمۇ؟

مانا شۇ بىر ئېغىز سوز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېقىنچىلىق ئورنىتىلدى. بۇ يېقىنچىلىق ھاۋاسى ئەزىمجاننىڭ ئەمگىكى كۆپەيدى، ئارامى ئازايدى، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇن قېتىلدى: ئۇ مۇنۇ ئاغرىقچان ئادەمگە ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىغا غەمخورلۇق قىلىشى لازىم. چۈنكى بۇ غەمخورلۇق ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئىستىقبالى، خوشاللىقى ۋە بەختى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق.

بىر يىل ئۆتتى، ئۇ ھەر ئېيىغا روشەن ئۈچۈن كېيىمىنى ئەللىك سوم بېرىپ تۇردى، قىزىغا يېقىنلىق تۇغدۇرۇش ھاۋاسى ئۇ تېخمۇ قادىلىپ ئىشلەيدىغان بولدى. بىر يىلدىن كېيىن جەمىلە ئەزىمجاننى ئاياش نىيىتى بىلەن روشەننىڭ ئۈچ ئايلىق بولغان قىزىنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىۋالدى:

— ئەكرەمنىڭ ئوغلى تەمتىلەپ ماڭغۇدەك بولۇۋىدى، ئەمدى مۇنۇ رەنا كېلىپ بۇنىڭ ئورنىنى باستى، ئەزىمجان، ئېيتىڭا، سىزنىڭ جاپا-مۇشەققىتىڭىزنىڭ چېكى بارمۇ زادى؟

ئەزىمجان ئايلىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە:

— ئۈمىت ھايات دېگەنلىك، ئۈمىتسىزلىك تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنلىك بولىدۇ. ئېيتىڭا جەمىلە، روشەننىڭ تۇرمۇشىدا ئىستىقبالنىڭ بىرەر ئۇچقۇنىمۇ يوقمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئۇ شور پېشانە! — دېدى جەمىلە، — ئۆزىنىمۇ، بىزنىمۇ ئالدىدى. مەن روشەننى ئاق كوڭۇل، چىرايلىقمۇ ئەمەس، ئەمگەكچان ھەم قوپاللىراق، شۇنىڭ ئۈچۈن بەختلىك بولالايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، چۈنكى ئۇنىڭغا ھېچكىم يېپىشمايتتى. ئەمدى قاراڭ، تەقدىر مېنى يەنە يالغانچى قىلدى. ئۇ بەختسىز ئۆز بەختىگە ئۆلتاردى. ھېسسىيات، مۇھەببەت ئىنسانىنى ھەم بەختلىك قىلالايدۇ، ھەم خاراپ قىلالايدۇ. مانا روشەن شۇ خاراپ بولغانلارنىڭ بىرى.

— خاتا ئويلاپسىز، — دېدى ئەزىمجان بېشىنى چايقاپ، — مەسىلەن، كۈيوغلىمىز ساقايسا، خىزمىتى ھەل بولۇپ قالسا، ئۇ جەمىيەتكە لازىم يىگىت ئىكەنغۇ؟

— قويسىڭىزا، — دېدى جەمىلە ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ، — ئۇنداق بولسا، بۇنداق بولسا دەۋېرىدىكەنسىز، ئەكسىچە بولسىچۇ؟ بۇ تەرىپىنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

— ئۇ چاغدا، ئەلۋەتتە قىزىم پاجىەگە يولۇققان بولىدۇ، لېكىن جەمىلە، سىز ئىشىنىڭ، پاجىەدىن قۇتۇلغان ئادەممۇ بەختلىك بولالايدۇ، يۈرىكىدە جاراھەت ئىزى بار ئادەممۇ ھاياتتىن لەززەت تاپالايدۇ. مەن مانا مۇشۇ تەرەپلىرىنى كوپرەك ئويلايمەن...

بۇنداق سوھبەت پات-پات بولاتتى، لېكىن نەتىجىسىز ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئەزىمجاننىڭ تۇرمۇشىغا قېتىلغان يېڭىلىقلار، مەسىلەن: سەھەر تۇرۇپ ئوي ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن

ئىككى بالىغا تاماق تەييارلاش، ئالدىراپ-تېنەپ ئۆلارنى كورپىلىرىگە يوگەپ قۇچاغلاپ يەسلىگە قاتراش... قاتارلىق ئىشلار جەملىنىدىنمۇ كورە گۇلشەننى قاتتىق غەمگە سالاتتى.

لېكىن تاڭ ئاتمايدىغان تۈن بولمىغىنىدەك، راھەتتى يوق مۇشەققەتمۇ بولمايدۇ. 1980-يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا ئەزىمجان ئەتىگەنلىكى باغچىدا يۈگرەيدىغان، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى. دىمەك ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا جۇدۇن-چاپقۇن تۈگىگەن، تۇرمۇشى مۇنۇ باھار چېچەكلىرىگە پۈركەنگەن باغ-چىدەك يېڭىچە تۈس ئالغان، كوكۇل شاتلىقى ئۇنىڭ تومۇر-لىرىغا يېڭى قان، ئەللىك بەش ياشلىق ئادەمگە خاس بولغان سالاپەتلىك چىرايىغا رەڭ بەرگەن ئىدى...

بۇ يىل قىزى ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ باشقا شەھەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى، ئىككىنچى قىزى روشەنمۇ يولدىشى ۋە بالىلىرى بىلەن بەختلىك. كىچىك ئوغلى ئەركىن بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئەركىن توغرىسىدا سوزلەپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئوقۇغۇچىلارغا روشەنىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ ئوتسەكلا ئوقۇغۇچىلاردا سوئال قالمايدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن بىز يەنىلا گۇلشەنگە قايتايلى.

گۇلشەن بولتۇر كۈز ئالى مەكتەپنى تۈگىتىپ خىزمەت ئورنىغا ماڭدى. ئۇ گەرچە 30 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ قىزلارغا خاس نازۇكلۇق، ئىپپەت ۋە گۈزەللىكتىن ئايرىلمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ باشقا غېمى يوق، ئۇ مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈش ئالدىدا دادىسى بىلەن ھەدىسىنى ئوبدان رازى قىلماقچى. مانا بۈگۈن دادىسىغا ۋە ھەدىسىگە ئاتاپ پوپايكا، ئەركىن بىلەن ئەنۋەرگىمۇ كىيىم ئالدى. يالغۇز رەناغىلا ھېچنەرسە ئالمىدى.

— بۇ نىمە قىلغىنىڭىز قىزىم؟ — دەپ سورىدى ئەزىمجان.

— كورەرگە كوزۇم يوق دادا...

— سىڭلىڭىز ئوي-ئوچاقلىق بولغاندىن بېرى بوسۇغىسىغا دەسسەپ باقمىدىڭىز، كۈيوغۇلىمۇ تېخى كورمىدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ھاجىتى يوق دادا...

— قىزىم، سىڭلىڭىز ئاشۇ ئادەم بىلەن ھازىر تولۇق بەختلىك!

— ئۇلار بىزنىڭ يۈزىمىزنى توككەنغۇ دادا!...

— شۇنداق، قىزىم. ھەممىلا ئادەم بەخت ئىزدەيدۇ. ئوزىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنى رەنجىتىدىغان ئىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەيىۋىنى ئۇنتۇپ بەخت-سائادىتىنى ئەستە ساقلاش لازىم، قىزىم. شۇنداق قىلساقىلا ئىنسان بىزگە قەدىرلىك نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

ئارىدىن يەنە بىر يىل ئوتتى. ئەزىمجان بۇرۇنقىدەكلا ئالدىراش: سەھەر قوپۇپ ئوي ئىشىنى توگىتىدۇ-دە، ئىككى نەۋرىسىگە تاماق بېرىدۇ، ئۇلارنى يېتىلەپ باللار باغچىسىغا ئېلىپ بارىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىدارىدە، كەچتە ئويدە يېرىم

كىچىگىنچە ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭغا ھازىر يېڭى بىر ۋەزىپە ئارتىلغان: ئۇ ئىككى نەۋرىسىگە كىتاپ ئوقۇپ بېرىدۇ، تاپشۇرۇق ئىشلىتىدۇ، ئۇلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تېپىرلىماقتا.

— تېلېۋىزور كورىمىز، تېلېۋىزور كورىمىز، — دېيىشىدۇ نەۋرىلىرى بەزىدە غەلۋە قىلىپ، — كۈندە ئوقۇۋېرەتتۇقمۇ؟

— مەن كورۇڭلار دىگەندە كورۇڭلار، ھازىر ئوقۇڭلار! — دەيدۇ ئەزىمجان قەتئى قىلىپ، — بىلەمسىلەر، ئەكرەم دىگەن بالا دادىسىنىڭ دىگىنىنى قىلمىغاچقا يولدىن ئېزىپ چولدە يوقاپ كېتىپتۇ...

— بىلىمىز، ئەكرەم دىگەن بالىنى دادىسى ئەكە بېقىپ...

— ھە، ئوقۇڭلار، ئەكىلەشكە رۇخسەت يوق...

جەمىلە بۇنداق چاغلاردا مىيىغىدا كۇلۇپ قويىدۇ ۋە ئەزىمجانغا قاراپ:

— بۇلارنىڭ يولى ئۇچۇق بولىدۇ. ئەمدى كوڭۇل ئاغرىغى تارتمايمىز، — دەيدۇ.

— يەنە يىگىرمە يىلدا بۇلارنىڭمۇ بەختى ئېچىلىدۇ، جەمەيەتكە قوشۇلىدۇ. لېكىن جەمىلە، شۇڭغىچە بىز تېپىرلايمىز، غەم-ئەندىشە، كوڭۇل ئاغرىغىدىن نېرى بولالمايمىز. غەم-ئەندىشە، كوڭۇل ئاغرىغى بولمىسا، تۇرمۇشنىڭ قىزىغى بولمايدىكەن...

— ھا ھا...

بۈگۈن گۇلشەن ئويگە خوشال كىرىپ كەلدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— دادا، مەن ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۇم، ياردەمچى تەتقىقاتچى بولۇپ مۇشۇ شەھەرگە يۆتكەلدىم.
— يارايسىز قىزىم، جەمىلە، ئەمدى ھىلىقى تەبرىكلەش زىياپىتىنى كېچىكتۈرمەيلى.
— نىمىنى تەبرىكلەيسىلەر؟
ئاۋال بېرىپ ئىدارىڭىزغا يولۇقۇپ كېلىڭ، ئاندىن كېيىن بىلىسىز.
گۈلشەن يېڭى ئىش ئورنىغا يېتىپ كەلدى. بولۇم باشلىقى ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى:
— گۈلشەن ئەزىمجان، — دېدى ئۇ نۇر چاقناپ تۇرغان يوغان كوزلىرىنى قىزغا تىكىپ، قىزنىڭ نازۇك قولىنى چىڭ سىقىپ، — مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ ياق، سىز ماڭا بىر قېتىممۇ تىكىلىپ قارىمىغان، شۇڭا تونۇمايسىز. بىلەمسىز؟ بىز ھەممىمىز بىر مېھرىۋان ئاتىنىڭ غەمخورلۇغىدا كوكلىگەنلەر، بۇ ئاتا ئەزىمجان بولىدۇ.
گۈلشەن ھەيران قالدى. مۇنۇ نا تونۇش، ياخشى كىيىنگەن، ساقال-بۇرۇتىنى پاكىز قىردۇرغان قاڭشارلىق ئادەم بىلەن گۈلشەننىڭ دادىسى ئەزىمجاننىڭ قانداق ئالاقىسى بولۇشى مۇمكىن؟
ئۇ بولۇم باشلىغىغا سىنچىلاپ قارىدى ۋە بىردىنلا ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى توساپ:
— ۋىيەي، بۇ سىزمىدىڭىز؟ روشەننىڭ ئەھۋالى قانداق؟ —

دېدى كۈيوغۇلنى تونۇپ.

—روشەن ھازىر قۇرۇلۇشتا ئىشلىمەيدۇ، ئۇ ھازىر نەمۇنىلىك يەسلىنىڭ مەسئۇلى. ئاتامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ھەدەمنىڭچۇ؟ ئۇلار بۈگۈن كەچكى تەبرىكلەش زىياپىتىگە تەييارلىنىۋاتىدىغۇ ھە، ھازىرلا روشەندىن تېلېفون كەلدى. ئۇ ياردەملىشىشكە كېتىپتۇ. بىز بىللە بارايلى، گۈلشەن.

—نېمىنى تەبرىكلەيدۇ؟ مېنىڭ ئۇنۋانىمنىمۇ؟

—سىزگە دېمىدىمۇ؟ تەبرىكلىنىدىغانلار يالغۇز سىزلا ئەمەس، جەمىلە ھەدەم پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن لېكتور بولدى. ئاتاممۇ باش مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىنى ئالدى. روشەن پارتىيىگە كىردى، مېنىڭ خىزمىتىم ئەسلىگە كېلىپ...

ئۇ قىزىرىپ يەرگە قارىدى. گۈلشەننىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن ئوينىدى. ئۇنىڭغا ھايات خۇددى ئۇنىڭ ئىسمى—گۈلشەندەك گۈزەل تۇيۇلماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇلار—ئەزىمجان ئائىلىسىدىكىلەر بەختلىكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خوشنىلار

## 1

سەھەر...

... توخۇلار قونىدىغىدىن ئەمدىلا چۈشۈپ تەمتىلىشىپ يۈرگەن چاغدا ئۇلار يەنە ئۇچراشتى.

— ھە، نىمە دەپ قاراپ تۇرىسەن؟ — دەپ ھومايدى پاكار، دوغىلاق ئادەم قويۇق، بۇدرە ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، — يولۇڭغا كېتىۋەرمەمسەن! ئەنە ساڭا ئەسقاتىدىغان نېمىڭ، سېنى چىللىغىلى نىكەم!

— ئىنساپ قىل، جامىكا! — دىدى ئۇگىز بوي، سېرىق بۇرۇتلۇق ئادەم شالاڭ، سېرىق چىشلىرىنى كورسىتىپ كۈلۈمسىرەپ، — قارىغىنا، بۇرۇنقى تېمىڭ نەدە تۇرىدۇ، سەن نەدىن سوقۇۋاتىسەن؟! — ئۇ كالاچ سېپىۋالىغان ئاياقلىرىنى كېرىپ كونا تامنىڭ ئىزى بىلەن يېڭى تام ئارىلىقىنى ماڭداپ چىقتى - دە: — قارا، ئۇچ - توت مېتىر يەرنى قوشۇۋاپسەن، بىزگىمۇ تىرىكچىلىك لازىمدە جامىكا! — دەپ قوشۇپ قويدى.

— ئاز قوشتۇم، ئىنساپ دىگەن شۇ! — جامى سوقما تاشنى

چاقىرغا ئېلىپ قويدى-دە، ھاسىراپ تۇرۇپ نەم توپىنى سوغداۋېتىپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى: — دادامدىن قالغان باغ، ھەققىڭ يوق، قانچىلىك قوشۇۋالسام ئۆزەمنىڭ ئىختىيارى. چىدىساڭ، خوشنا بول، بولمىسا ئەنە!

ئىگىز بويلۇق ئادەم ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، ئۇ يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلسا جامى كوكەمسىلىك قىلىدۇ، ھەتتا ياقىسىغا ئېسىلىدۇ، ئامال قانچە، ئېنى ئۈچ-توت مېتىر، ئۇزۇنلۇغى 15-16 مېتىر كېلىدىغان يەرنىڭ مەرىدىن كەچسۇنمۇ؟ لېكىن ئۇنچىلىك يەردىن ھەر يىلى ئېلىنىدىغان مەھسۇلاتنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ يۈرىگى ئېچىشاتتى، نىمىلا بولمىسۇن، يەرنى بەرگۈسى كەلمەيتتى، قانداق قىلسا بولاركىن؟ ياخشى گەپ جامىغا ئۆتمەيدۇ، ئۇ ياخشى گەپنى يالۋۇرۇش دەپ چۈشىنىدۇ-دە، تېخىمۇ بوزەك قىلىدۇ، جالىسلارنى ئارىغا قويسىچۇ؟ ئۇ چاغدا جامائەت جامىدىن يەرنى جەزمەن ئېلىپ بېرىدۇ، ھەتتا سوقان تاملىرىنى ئۇرۇۋەتتۇۋېتىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدىكى پەسەيمەي كېلىۋاتقان ئاداۋەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرسىچۇ؟ جامى بىلەن ياقىلىشىدۇ، لېكىن شۇ ياشلىق بولغىچە ئۇ بىر كىشى بىلەن ياقا سىقىشىپ باققان ئەمەس. ئۇ چاغدا ئۇ قايسى يۈزى بىلەن ئادەملەرگە قارايدۇ، يەر كەتسىمۇ كەتسۇن، يۈز كەتمىسۇن-دە!...

ئۇ نىمە قىلارىنى بىلمەي توپا ئېلىنىۋاتقان گوداڭنىڭ قىرغىغىدا زوڭزايدى-دە، قىزىل دوخاۋا بوكىنى قولىغا ئېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بېشىنى تاتىلىدى:
— ھېچ بولمىسا، توپىنى بولسىمۇ ئۇز تەۋەيىڭدىن ئالساڭ-مىغۇ!...
ياغاچ يوتكەۋاتقان جامى ئۇنىڭغا يالىت قىلىپ قارىدى-دە:
— قولۇڭغا بىر يىل دۇيجاڭلىق تېگەۋىدى، ئەڭ ئاۋال مېنىڭ بېغىمغا سەرجان سالدىڭ، ئون ئىككى پۇڭ يېرى ئۇشۇقكەن دەپ تېرىتمىدىڭ، سېنىڭ كاساپىتىڭ بىلەن بېغىمنىڭ يېرىمى ئۈچ يىل قوراي بېسىپ ئاق ياتتى!... سېنىڭ پاسىلىڭ ئاۋۇ كاساڭ قورايىنىڭ ئۇتتۇرى، مۇنۇ ئارىلىقمۇ تېخى مېنىڭ! — دىدى.
— مەنمۇ توققۇز جان جامىكا، توققۇز جاننىڭ قالدۇرۇق يېرى...
— توققۇز جان دەپ ساڭا داداڭ يەر قالدۇرماپتىكەن!
— ھوكۇمەتنىڭ ئىشىغۇ... سېنىڭ بىلەن مەن ھوكۇمەتنىڭ دىگىنىنى قىلىدىغاندىمىز!... — ئۇ ئەمدى خاپا بولغان ئىدى...
— ئەمدى كەڭچىلىك! ھوكۇمەتمۇ بىزنىڭ دىگىنىمىزنى قىلار ئەمدى!
— بۇ گېپىڭ بولمىدى جامىكا!
— بولمىسا چاق ئەنە!
جامى قولىنى بىر شىلتىدى-دە، كەتمەن بىلەن تامغا توپا تاشلاشقا باشلىدى. ئىگىز بوي خىيال بىلەن ئېتىزغا قاراپ مېڭىۋىدى، جامى ئۇنى چاقىردى:
— ھەي سالى، سەنمۇ بىر ھوپىگەيغۇ، مەن ساڭا دەپ

قويای، سىلەرنىڭ گۇرۇپپاڭلار مەن يىغىپ قويغان سىپ ساماننى ئېلىپ كېتىپتۇ. سىلەرگە مەھسۇلات لازىم، ماڭا لازىم ئەمەسمىكەن؟ يەنە ئاڭلاپ قوي، ئاۋۇ ئۇستەڭ بويىدىكى قېرى سوگەتنى كېسىمەن، ئەمدى ئۇنىڭدا دۇينىڭ ھەققى قالمىدى، يارامىلىق توت شېخىنى كېسىپ لىم قىلىۋالدى، بەش قېتىم چەندىزىسىنى ئالدى، مانا ئەمدى مەن ئۇنى كېسىمەن، نىمىشقا دىسەڭ، دادام رەمتى ئوز قولى بىلەن تىككەن سوگەت ئۇ!

سالى گەپ قىلماي، ئاچچىق كۇلۇپلا قويدى-دە، ئوز يولىغا كېتىۋەردى. ئۇنىڭ "ئالىمەن"دىن باشقىنى بىلمەيدىغان مۇنۇ خوشنىسىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ئىدى: "دۇمبىسىگە ئارتىپمۇ، قۇچاغلاپمۇ، قولتۇقلاپمۇ، ھىچ بولمىغاندا ئۇچۇملاپ، چىمدىپمۇ توشۇدى، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى قايسى كۇنى توشۇمىدى، ئالمىدى؟ يەنە نىمىشقا تويمايدۇ؟ يە نىمىشقا ئېتىلىپ كەتمەيدۇ؟... ھەر كۇنى سەھەر تۇرىمەن، مەن دۇي ئۇچۇن ئىشلەيمەن، ئۇ ئوزى ئۇچۇن تىپىرلايدۇ، مەن تەر توكۇپ تىككەن كوچەتلەر دەرەخ بولۇپ يېتىلگەندە، ئۇنىڭ كېسىپ كەتكىنىنى ئوز كوزۇم بىلەن كوردۇم، بېغىمدىن ياغاچ كېسىپ ياساپ قويغان كوۋرۇكلەرنى تاڭ سەھەردە بۇزۇپ ياغىچىنى سورەپ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى نەچچە رەت كوردۇم... كوپچىلىكنىڭكىنى ئالغىنىنى ئاز دەپ، مېنىڭ ئويۇمگە سالغان زىيانلىرىچۇ؟" سالىنىڭ خىيالى بىردىنلا ئوز بېغىغا، ھويلىسىغا كوچتى...

. ئۇلار يىگىرمە نەچچە يىللىق خوشنا. سالى مۇشۇ يەرگە جاي

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

سىلىپ ئۇيلەنگەن يىلى ئۇزىدىن ئۇن نەچچە ياش چوڭ بولغان جامى ئايىلى ۋە ئۇچ بالىسى بىلەن مۇشۇ ھازىرقى ئۇيىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. ئۇلاردىن باشقا بۇ ئەتراپتا ئادەم يوق ئىدى.

— خوشنا بول، لېكىن زىيان سالما، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا توپە ئىچىدە! — دېگەن ئىدى جامى يىرىك بۇرۇتلىرىنى يىمىرىپ چىشلەپ تۇرۇپ. ئۇلار بىر يىل كىرىش-چىقىش قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن جامىنىڭ ئايىلى ھەر كۇنى بېرىپ تۇرىدىغان بىر قاچا سۇتنى بەرمەيدىغان بولدى، سالىنىڭ ئايىلى يىراق كورمەستىن، مەھەللىدىكى ئىككى ئۇيگە قاچا ئاپىرىپ يۇردى. بىر يىلدىن كېيىن سالىلارمۇ سىيىر سېتىۋالدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن سالى مەھەللىدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا كىرىۋىدى، جامى ئۇنىڭ بىلەن گەپلىششنى توختاتتى. ئىككى ئايالمۇ قېرى سوگەت ئاستىدىكى تونۇردا بىللە نان ياقمايدىغان بولدى. جامىنىڭ ئايىلى سالىنىڭ ئايىلىنى يېقىن كەلتۇرمەسلىك ئۇچۇن سوگەتكە يامان بىر ئىتنى باغلاپ قويدى. سالى ئۇز قولى بىلەن سالغان تونۇرنى تارتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، بېغىغا يەنە تونۇر سېلىۋالدى.

سالى ئەمگەكچان، ئاق كوڭۇل دىخان بولغاچقا، جامى قانچىلىك يۇزسىزلىك قىلسىمۇ چىش يېرىپ بىرنىمە دېمىدى. ياش ئەر-خوتۇن كېچە-كۇندۇز تىرىشىپ ئىشلەپ، باغ، مىۋە، قوي-كالا، توخۇ-تۇمان قىلدى. ئۇچ ئېغىز ئۇيىنى تېكىمەت بىلەن

تولدۇردى. سۇ بويى ئەپلىك جاي بولغاچقا، غاز ـ ئۆدەك قىلىپ، ماموق ياستۇقلارنى لىمتاققا تىزىۋەتتى. لېكىن جامىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ ئۆز كوڭلىدە سالى بىلەن بەسلەشتى. سالى ئەر ـ ئايال ئىشلىسە، جامى ئەمدى قولى ئىشقا تەككەن ئىككى ئوغلى بىلەن ئىشلەيتتى. لېكىن ئۇ بەربىر سالىغا يېتىشەلمەيۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سالى نېمە قىلسا، ئۇمۇ شۇنى قىلاتتى. مەسىلەن: سالى كىگىزچى ئېپكېلىپ ئۈچ پارچە تېكە ـ مەت باستۇرۇۋىدى، ئەتىسىلا جامىمۇ باستۇردى، ھەتتا ئوخشاش گۈللۈك قىلىپ باستۇردى. بىر يىلى سالى تىكىش ماشىنىسى سېتىۋالدى. ئۇنى كورۇپ جامىمۇ سېتىۋالدى. سالىنىڭ ئايىلى قولى ئەپلىك، تىرىشچان بولغاچقا، كىيىم تىكىش ـ كېسىش، رىشلىيە ئىشلەشنى ئۆگىنىۋالدى. ئادەملەر نە ـ نەلەردىن ئىش بۇيرۇتقىلى كەلگىلى تۇردى. بۇنى كورۇپ، جامىمۇ ئايىلىنى ئىش ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىدى. لېكىن جامىنىڭ ئايىلى ماشىنا ئىشنى قاملاشتۇرالمىدى. جامى ئايىلىنى شەھەرگە ئەكىرىپ، شاگىرتلىققا بەردى، قامچا بىلەن ئۇرۇپمۇ باقتى، لېكىن بەرد ـ بىر نەتىجە چىقمىدى. گەرچە جامىنىڭ تاپاۋىتى سالىنىڭكىدىن كەم بولمىسىمۇ، جامى ھەسەتخورلۇق بىلەن تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى. ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە سەپرالاشتى. ماشىنا ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىغىغا پاشا، كوكۇيۇن ئاۋازىدەك نەپرەتلىك ئاڭلىنىدىغان بولدى. ئۇ كېچىلىرى قۇلىقىغا پاختا تىقىپ يېتىپ باقتى. لېكىن "دىر ـ دىر..." قىلغان ئاۋاز بەربىر ئۇنىڭغا ئارام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرمەيتتى ۋە ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ تەڭ دىرىلدايتتى. ئۇنىڭغا ھەر بىر "دىر-دىر" گويا كى "پۇل-پۇل" دەۋاتقاندەك، سالىنىڭ ئويى پۇلغا تولۇپ كەتكەندەك، ھەتتا سالى ساندۇقلىرىغا ئالتۇن توپ-لاۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى، ئاخىر ئۇ سالىنىڭ بېغىغا قارىغان دەرىزىلىرىنى ئېتىپ تاشلىدى، لېكىن ھەسەتتىن يەنىلا قۇتۇ-لالمىدى، جامى ئاخىر ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلىغا ماشىنىچى قىز ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. بىراق يېزىدىن ئۇنىڭغا ئۇنداق لايىق تېپىلمىغاچقا، شەھەرگە كىرىپ ئىزدەپ-سوراپ يۈرۈپ، بىر لايىق تاپتى. لېكىن ئۇ قىز ئەمەس، بەش ياشلىق ئوغلى بار تۇل چوكان ئىدى.

يېڭى كېلىن كەلگەندىن كېيىن، جامى مەھەللىمۇ-مەھەللە يۈرۈپ زاكاز قوبۇل قىلدى. خېرىدارلارنى مېھمانغا چاقىردى. تىكىش ھەققىنى ئەرزان ئالدى ۋە نىسىگىمۇ ئىش قىلدى. ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا ئەمدىلا خېرىدارلار كەلگىلى تۇرغاندا، كېلىشمەسلىك يۈز بەردى: دادۇي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، پۈتۈن ماشىنىچىلارنى دادۇيگە يىغىۋالدى. ئۇلار پۇلغا ئەمەس نومۇرغا ئىشلەيدىغان بولدى. جامى ئەمدى كېلىنى بىلەن بەش ياشلىق ئۆگەي نەۋرىسىنىڭ تامىقىغا چىدىمىدى. چۈنكى كېلىنىنىڭ تاپ-قان نومۇرى يېگىنىگە يەتمەيتتى!

— ئوغلۇڭغا دە، قويۇۋەتسۇن! — دېدى جامى ئايىلىغا.

— ئالمايمەن دېسە زورلاپ ئېلىپ بەردىڭىز، ئەمدى بالىنىڭ بۇ خوتۇنغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ، — دېدى ئايىلى.

— نېمە كوڭۈلكەن ئۇ؟ — دېدى جامى خاپا بولۇپ، — پۇل تاپمايدىغان ئادەمگە چۇشىدىغان قانداق سارالڭ كوڭۈلكەن؟

بالىسى ئايلىنى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. كېلىنمۇ ھەر كۈنى سالىنىڭ ئايىلى بىلەن ئىشقا بىللە بېرىپ - كېلىپ يۈرۈپ، يۇمشاق كوڭۇل، ياش چوكان بىلەن چىقىشىپ قالدى. بۇ چىقىشىش جامىغا باشقىچە تۇيۇلدى.

— ئاۋۇ بۇزۇقنى قويۇۋەت بالام، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئوغلىغا، — ئۇنىڭ سالى بىلەن چاتىغى بار ئىكەن!

بالىسى گەپمۇ قىلماي، ئىتىزغا قاراپ يۈگۈردى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئوتكەندىن كېيىن، سالىنىڭ ئويىنى سۇ بېسىپ كەتتى. ئۇنىڭ دالىنى، يازلىق چايخانىسى، ئېغىللىرى بىراقلا ئورۇلدى. جامى بۇ بالايى - ئاپەتنى ھىلىقى بەش ياشلىق ئوگەي نەۋرىسىگە ئارتتى. دېمىسىمۇ، بالا ناھايىتى شوخ ئىدى، ئۇ سالىنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى ۋە جامىنىڭ ئىككى ياشلىق قىزى بىلەن كەچكىچە ئۇستەڭ بويىنى كولاپ ئوينايتتى...

دۈي كادىرلىرى بۇ ئاپەتنى سۈرۈشتۈرۈۋىدى، سالىمۇ بالىلارغا ئارتىپ تۇرۇۋالدى ۋە ئۆي - ئېغىللىرىنى قايتىدىن تۈزەشتۈرۈۋالدى.

يىللار — سىخى يىللارمۇ، قاتتىق يىللارمۇ ئوتتى. قاۋۇل دېخان جامى سەپرا بوۋايغا ئايلاندى. ئېغىر - بېسىق ئەمگەكچان يىگىت سالىمۇ سىرىق بۇرۇتلۇق، قىرىق نەچچە ياشلىق دېخانغا ئايلاندى. بۇنىڭدىن 5 — 6 يىل بۇرۇن دۈيجاڭلىق سالىغا تېگىپ

قىلىۋىدى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى توك سەل ئېرىگەندەك بولدى. سالى دۆيجاڭلىققا سايلىنىپ ئەتىسى ئەتىگەندە دۆيگە قاراشلىق باغنىڭ شورىسىنى شاخ-شۇمبا بىلەن ئېتىۋاتاتتى، يىگىرمە يىلدەك تەتۈر قاراپ يۈرگەن جامى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سالى! — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، — ئەمدى دۈمبىمىز ئاپتاپ كۆرىدىغان بولدى، سەن دۆيجاڭ بولۇۋىدىڭ، مېنىڭ بېغىمدىكى ئەكەك ئۈرۈكۈمۇ غۇچچىدە مېۋە بوپتۇ. ئامەت دېگەن شۇ-دە... ئامەتلىك ئادەم دۆيجاڭ بولسا، ئۇكام، توخۇلار كۈنىگە ئىككى قېتىم تۇغىدۇ، قويلار ئىككى-ئۈچتىن قوزىلايدۇ،...بۈگۈن ئەتىگەنلىك چايغا بىزنىڭكىگە ئەمسە، ھەي بالا، كىرىش-چىقىش قىلايلى، خوشنا ئەمەسمۇ بىز!...

چىرايلىق سۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن خۇددى توشۇك قاپاقتىن ماي ئاققاندەك ئۈزۈلمەي ئېقىپ چىققىلى تۇردى. لېكىن سالى ئۇنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلمىغاندەك، ئۇنىڭ قولتۇغىدىكى بىر باغ چىغقا قاراپ تۇراتتى. چىغ دۆينىڭ ئىدى.

— باغلىق ئېتىپ بېرەي دەپ ئەكەلدىم، — دەپ يالغان ئېيتتى جامى ئۆزىچە خۇددۈكسىنىپ، — سەن ئاجايىپ ئادەمدە، سالى، ئىچىڭ دەريا، ساناپ باقسام، ئۆز قولۇڭ بىلەن كۆپچىلىككە ياسىغان كۆۋرۈكتىن يەتتىسىنىڭ ياغىچىنى ئوغرىلاپتىمەن، ھەممىسىنىلا كۆرۈپ قالدىڭ، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى، يىلىغا

ئىككى يۈز سەھەر ئۇچراشتۇق دىسەك، توت مىڭ ياكى بەش مىڭ قېتىم ئۇچراشقاندىمىز. سەن بەش مىڭ قېتىم ساۋاپلىق ئىش قىلدىڭ، بۇنىڭغا مەن گۇۋا، لېكىن ئۇنى ھېچكىمگە تىنمىدىم. قىلغان ساۋاپلىق ئىشىڭنى بىر خۇدا، ئاندىن قالسا مەنلا بىلىمەن، ۋاي-ۋۇي، دۇينىڭ تېمىنى سوققان، دەرىخنى چاتىغان، سۇينى باشلىغان، قىغنى يىققان، مېلىنى قورىغان، ئاشلىغنى قۇرۇغدىغان... ئىش قىلىپ، قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرىڭ-نىڭ ھىساۋى يوق، يە نومۇر ئالمايسەن، يە بىرسىگە مىننەت قىلمايسەن، بەلكىم مەن كورمىگەنلەرنى قوشقاندا، ئۇن مىڭدىن جىقمىكىن!... سەنمۇ مېنىڭ بەش مىڭ سەھەر ئالغان-توشقى-نىمنى بىرسىگە تىنمىدىڭ، ئۇغۇل باللىق قىلدىڭ! يارايسەن! مانا سەندەك ئادەمنى دۇيجاڭ سايلىغان ھوكۇمەت راسا ئادەم تونۇيدىغان ھوكۇمەتكەن...— ئۇ بۇ گەپلىرى بىلەن سالىغا ئۇزىنى تۇز كوڭۇل قىلىپ كورستىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن سالى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى يېپىدىن-يىڭنىسىغىچە بىلگەچكە ھېچقانچە يېڭىلىق ھىس قىلمىدى.

سالىنىڭ "ئۇغۇل بالا"لىغى جامىغا ياققان بىلەن باشقىلارغا ياقمىدى. بىر يىلدىن كېيىن سالى دۇيجاڭلىقتىن قالدۇرۇلدى. لېكىن ئۇ ھەر كۇنى سەھەر تۇرۇپ ئەتىگەنلىك چايغىچە "ساۋاپ-لىق" ئىشلارنى قىلىۋەردى. سالى دۇيجاڭ چېغىدا ھەر ئاخشىمى كىرىپ تۇرىدىغان جامىمۇ، سالىنىڭ ئايىلى بىلەن "چوڭ ئوي"، "كىچىك ئوي" دىيىشىپ، بىر ئائىلىدەك بولۇپ كەتكەن جامىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايلىمۇ سالى دۈيجاڭلىقتىن چۈشكەن كۈندىن باشلاپ كىرىش-چىقىشنى توختاتتى. جامى يەنە سالىنىڭ سالاملىرىنى ئېلىك ئالمايدىغان، ئۈنىڭ توخۇلىرىنى، موزىيىنى تىللايدىغان، ئايىماي ئۇرىدىغان، مۈشۈكلىرىنى قېقىۋالىدىغان، تۇخۇملىرىنى ئېلىۋالىدىغان، بالىلىرىنى ئۇرىدىغان، دارىتمىلاپ تىللايدىغان بولۇۋالدى. لېكىن سالى ھېچنىمە بولمىغاندەك، چىراي ئۆز-گەرتمەي يۈرۈۋەردى. جامى يىگىرمە نەچچە يىللىق خوشنىدار-چىلىقتىن سالىنىڭ داۋاملىق ئۆزىگە بوزەك بولىدىغانلىقىنى، ھەرقانچە ئەسكىلىك قىلسىمۇ كوتىرىدىغان، لام-جىم دىمەيدى-غانلىقىنى بىلىۋالغان ئىدى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن سالىنىڭ تۇنجى ئوغلى ئونىنچى سىنىپنى تۈگىتىپ ئوقۇشقا مېڭىۋىدى، بۇ ئىشمۇ جامىغا ئەلەم قىلدى. ئۇ: "ئوقۇغان ئادەم سالىدەك بوش بولمايدۇ. ئەمدى ئۇ دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئالىدۇ" دەپ ئويلىدى-دە، بىر يىلدىن كېيىن قىزى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندە، ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ، تېخنىكومغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. "ئەمدى بۇ تەرەپتىنمۇ سالىدىن كەم ئەمەسمەن" دەپ ئويلىدى ئۇ. ئەگەر سالىنىڭ ئوغلى دادىسى ئۈچۈن ھىساپ ئالغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭمۇ قىزى ۋە بولغۇسى كۈيوغلى ئارقا تىرەك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، تېخىمۇ چوڭ يۈرەكلىك بىلەن سالىنى بوزەك قىلىشقا باشلىدى.

## 2

— بىكار قىپسەن خوتۇن، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، مەيلى ئەمەسمىدى! — دەپ ئايىلىنى كايىدى سالى.

— سىز چىدىغان بىلەن، مەن چىدىمايمەن بۇ خورلۇققا، — دىدى سالىنىڭ ئايىلى پەس ئاۋاز بىلەن، — قاراپ تۇرۇپلا بىزنىڭ ئەركەك غازنى ئىتىغا تالىتىۋەتتى، تونۇر بېشىدىكى يېپ-يېڭى كوسەينىمۇ بىقىۋالدى...

— قويساڭچۇ! — دىدى سالى ئايىلىنى يېنىكلا جىملەپ، — يوقالغاننىڭ ئورنى بولۇپ قالار، قولىمىز قىسقا چاغلاردا چىدىدۇق، ئەمدى ئەھۋالىمىز ياخشىلانغاندا، ئۇنچىلىك ئىشقا غىڭ-شىساق سەت بولىدۇ.

سالىنىڭ ئايىلى بۇگۇن چۇشتە بېغىغا چىقىپ جامىنىڭ قورۇق تام چورۇۋاتقىنىنى كورۇپ، يېقىن بېرىپ قارىۋىدى، ئىككى چونەك پىيىزى بىلەن ئىككى قۇر رەيھان كوكى، ئۇسما قاتارلىق ئوتياشلىرى چاناللغان، ئۇنىڭ ئورنىنى جامى توپا ئالىدىغان كارىز قىلىۋەتكەن ئىكەن، سالىنىڭ ئايىلى غەزىۋىنى باسالماي، ئەھ-ۋالنى شياۋدۇي كادىرلىرىغا بېرىپ ئېيتتى. ئۇنىڭسىزمۇ جامىدىن ھىساپ ئېلىش پۇرسىتىنى ئىزدەپ يۇرگەن دۇيجاڭ دەرھال ھەيئەتلەرنى باشلاپ نەق مەيدانغا كەلدى ۋە سالىنىڭ يېرىگە توت مېتىر بېسىپ كىرگەنلىكى ئۇچۇن جامىغا تاملارنى ئورۇۋ-

كەندىن سىرت، 30 سوم جەرىمانە قويدى. بۇ ئىش جامىغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كەچقۇرۇن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

—خېلى ئېغىر ياتقان ئوخشايدۇ،—دىدى سالى ئۇھ تارتىپ،—ئايىلى موللامنى باشلاپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئەتىسى سەھەرلىكى سالى توخۇ چىللاش بىلەن تەڭ تۇرۇپ جامىنىڭ قورۇق تېمىنى سوقتى. جامىنىڭ چوڭ ئوغلى ئۇن-تىنسىز چىقىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. ئۇلار چاي تەييار بولغىچە ئىككى تام سوقتى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن جامى بىلەن سالىنىڭ پاسىل تېمى سوقۇلۇپ بولدى.

—شۇنچە يەرنى قوشۇپ بەرگىنىڭىز نىمىسى؟—دىدى ئايال تامنى كورۇپ.

—بوپتىلا، كۈنىمىز شۇ يەرگە قاراشلىقمىدى...

توتىنچى كۈنى سەھەرلىكى جامى ھاسىغا تايىنىپ بېغىغا چىقتى ۋە سالىنىڭ ئوز يېرىدىن ئىككى ماڭدام قوشۇپ بەرگەن-لىكىنى كوردى. لېكىن جامىنىڭ غەزىۋى تېخى بېسىلمىغان، غەم-ئەندىشىسى تېخىمۇ كوپەيگەن ئىدى. "شىكايەت قىلىپ بارغان ئىكەن، مېنىڭ توغرامدا ئوزى بىلىدىغان باشقا ئىشلار-نىمۇ ئېيتماي قويامدۇ؟—دەپ ئويلىدى ئۇ،—ھەر كۈنى سەھەرلىكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىمەن، ئۇ دۇيگە توشۇيدۇ، مەن ئويگە توشۇيمەن. ئىسكىلاتىمدا بارىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ بولدى بۇ بەتتاللار!"...

ئۇ ئەتىگەنلىك چايغا كەلگىچە ھاسا بىلەن پۇسۇرلاپ يۈرۈپ سالىنىڭ قارىياغاچ ۋە سوگەتلىرىدىن ئىككى-ئۈچ سىۋەت شۇڭ پۇتىۋالدى...

ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ئايىلى نەۋرىسىنى سۈپۈرگە بىلەن ئۇرۇۋاتقىنىنى كورۇپ، جامىنىڭ غەزىۋى تېخىمۇ ئورلىدى:

— نىمىشقا ئۇرىسەن ھەي جەددال؟

— مانتىدىكى سامانىغا ئوت قويۇۋېتىپ، تاسلا قالدى پۈتۈن ئوينى كويدۇرۇۋەتكىلى!

— ئۇرما، كەل ساقام، يىغلىما، مەن ئوچۇڭنى ئېلىپ بېرىمەن ساقام! — ئۇ 5 ياشلىق نەۋرىسىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ ماختاشقا باشلىدى، — تاك ئېتىپ چەككۈچى بولماڭلار، خۇدايىم بۇ بالىغا ئەقىل بەرگەن، كىشىگە قىل بەرمەيدۇ، كوچىدىن قولىغا نىمە چىقسا شۇنى ئويىگە توشۇيدۇ. خۇدا ساقلىسۇن ئويدىن تالاغا توشۇيدىغان بالىدىن. ئۇنداق بالا بىر ئاپەت، تۇنۇگۇن قاراپ ياتسام، سالىلارنىڭ ھويلىسىدىن بىر بادرىنى ئىنجىقلاپ سورەپ ئەكىرىۋاتىدۇ، ھى ھى... تاتلىق قوزام، قولۇڭدىكى نىمە بۇ؟

— سەيەڭگە!

— نىمە قىلىسەن ساقام؟

— ئاللارنىڭ ئېغىلىغا ئوت قويىمەن!

— ھى ھى ھى!... شۇنداق قىل ساقام. بىزنىڭ تونۇرغا چىقىپ قۇرۇق مەڭگەنگە ئوت يېقىپ، تامنىڭ ئۇ يېقىغا تاشلا، تامنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەيىندىلا سالىنىڭ سامانلىقى بار، كويسۇن، ئىلاھىم پۈتۈن ئۆيلىرى كويسۇن!

— كىچىك بالىغا يوقىلاڭ گەپلەرنى ئۆگەتمىسىلە دادا!! — دېدى كېلىنى ئۇچاق مانتىدا ئولتۇرۇپ غودۇڭشۇپ.

— سىزنىڭ ھىلىقى ئوغلىڭىز! — دېدى ئۇ كېلىنى ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن چوڭ ئوغلىنى قاغاپ، — سىرتتىن قىل ئەكىرمەدى، ئۇن نەچچە يىل ھارام يېدى، ئەمدى مۇنۇ ئوغلىڭىز ئۇنىڭ زىيانلىرىنى تولەيدىغان ئوخشايدۇ!...

كېلىن ئەمدىلا ئوي ئايرىغان چوڭ ئوغلىنى تىللىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، مۇنۇ بەتقىلىق ئوغلىغا يامان قىلىقلارنى ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ قېيناتىسىدىن خاپا بولدى، لېكىن چىش يېرىپ بىر نىمە دېمىدى. جامى بولسا ئۇنىڭ جاراھىتىگە تۈز سېپىۋەردى:

— سىز كېلىن بولۇپ كەلگىلى نەچچە يىل بولدى، قانچەلىك كىرىم قىلدىڭىز؟ باشقىسىنى قوياي، مۇنۇ سالى دېگەن تارمۇشقا قانچىلىك راپاۋەتچىلىك قىلدىڭىز؟ ئايلى بىلەن بىللە ئۇسما قويىسىز، پار قىلىپ كىيىم كىيىسىز، تېخى چاچ تارىشىسىز، نان ياقسا زۇۋۇلا تۇتۇپ بېرىسىز، تۇنۇگۇن بالىسى بىزنىڭكىدىن كونەلگە ئېپچىقىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ نىمىشقا بېرىسىز؟ مۇشۇ ئوينىڭ نېنىنى يېگەن بولغاندىكىن، بىزگە ئورا كولاپ يۈرگەن شۇنداق خوشنىغا ئالىسىڭ، يۇندا چېچىڭ، تۇكۇرۇپ ئۇتۇڭ، مېنىڭ نەسلىم سالىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋەت-

مسه، ئۇلسەم كوزۇم يۇمۇلمايدۇ. نىمشقا دەمسز؟ سالدەك ئادەملەر مىدىرلاپلا يۇرىدىكەن، بىزدەكلەرگە ئارام يوق...

كېلىن تولا ئاڭلىغان بۇ سوزلەردىن زېرىككىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاڭلىنار-ئاڭلانماس قىلىپ غۇتۇلدىدى:

— كىم كىمنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇشنى كىم بىلسۇن!

ئەتىسى تۇيۇقسىز جامىنىڭ ئامبىرىغا ئوت كەتتى. ئوت ئاۋال ئامبار ئۇستىدىكى قارىداپ كەتكەن زىغىر پاخلى بىلەن قوناق شېخىغا تۇتاشتى-دە، لوغۇلداپ كويۇشكە باشلىدى. دەسلەپ جامىنىڭ كىچىك نەۋرىسى خەۋەر ئېلىپ كىردى:

— ئوت كەتتى!

— نەگە؟

— سەن ياغاچ ئەكىيدىغان ئامبايغا!...

— هە، ئوت؟!...— جامى كىكەشلىگەن پېتى سىرتقا يۇگۇرۇپ چىقىپ، تونۇر بېشىدىن ئوگزىگە ياماشتى. ئوگزىگە چىققاندا ئوت قوناق شېخى ئاستىدىكى قۇرۇق شاخقا تۇتاشقان ئىدى.

— سۇ...قۇدۇقتا چۇشۇپ كەتتىڭلارمۇ هەي چىكەتكىلەر، سۇ!...

ئوگسلى ئوچكەن جامىنىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدى غالىلداپ تىترەيمەكتە ئىدى. ئۇ نىمە قىلارىنى بىلمەي، تام توپىسىدە قولىلىرىنى كېرىپ هاڭۋېقىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئوگزىدىكى ئوت ئىچىدە سالى پەيدا بولدى. ئۇ كويۇۋاتقان شاخلارنى يەرگە تاشلىماقتا، يالاڭ چاپىنى بىلەن ئۇرۇپ ئوچۇرمەكتە، ئايىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇنۇپ بېرىۋاتقان سۈنى شاقىرىتىپ چاچ-ماقتا ئىدى. شۇ چاغ-دىلا جامىغا جان كىردى. ئۇمۇ ئايالار، باللار ئەكەلگەن سۈنى چېچىشقا باشلىدى. توپىدىكى ئوت بىردە ئاسمان پەلەك كۆتە-رىلىپ، بىردە قاپ-قارا ئىس چىقىرىپ تۇتەپ، ئوت ئۇچقۇر-گۇچىلەر بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. قېرىشقاندەك، بىردىنلا كۈن چىقىشتىن شامال ئۇردى، ئوت قىزىل نەشتەر تىللىرى بىلەن يان-يېنىغا ئىلاندەك ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇنىڭغا نە چېچىلغان سۇ، نە تاشلانغان توپىلارمۇ كار قىلمايتتى، مانا جامىنىڭ ئامبى-رىنىڭ تۇڭلۇگىدىن ئوت كۆتىرىلدى. دىمەك، ئوت ئىچكە چۈشكەن جامىنىڭ كوزلىرى ئالاق-جالاق بولدى:

— ماي، كىرسىن...سەلەركە...— دەپ تېزىغا ئۇردى ئۇ.

— ئىشىكنى تېز ئاچ، جامىكا!

جامى سالىغا يالت قىلىپ بىر قارىدى-دە، ۋاقىرىدى:

— چاۋامنى چىتقا يايىي دەمسەن؟

— سەلەركە پارتلىسا ئۆي-پويۇڭمۇ تۈگەيدۇ!

جامى سەكرەپ چۈشۈپ، ئىشتان بېغىغا ئېسىۋالغان ئاچقۇچ بىلەن ئىت كاللىسىدەك يوغان ئوررۇس قۇلۇپىنى ئاچتى.

— توشۇڭلار، هويلىغا، ئاۋۇ ئاق يەرگە!— دەپ چىقىراق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى ۋە ئۆزى تولۇق بىر تۇڭ كېلىدىغان سەلەركىنى ئىنجىقلاپ تالاغا ئېپچىقىشقا باشلىدى ئۇ. ئوغلى دومىلىتىپ ئېپچىقايلى دىۋىدى، جامى ئۇنى سىلكىۋەتتى:

— ئەخمەق، كۆزلۈككە بىر كىلوسى ئىككى كىلو بۇغداي!...

ئامباردىكى ياغاچ-تاش، ھەر خىل سايمان، تېرە-تەسەك، ئاشلىق، كېپەك، يۇڭ-پاختا، ئارقان...ھەممىسىلا نىمە ھويلىغا توشۇلدى. ئاسقىلاردىكى ئۇچ يىل بولغان بوجا گوش، لىمتاق-لاردىكى كوكىرىپ كەتكەن نان، قايماق، سېۋەتلەردىكى قۇرۇت، ھەر خىل قاقلار...قىسقىسى مەھەللە خەلقى كوزى بىلەن كور-گەن، قۇلىغى بىلەن ئاڭلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇيدىن بىرمۇ-بىر توشۇلدى...

ئوت ئۇچۇرگۇچىلەر كوپەيدى. ئۇستەڭ بىلەن ئۇگزە ئۇت-تۇرىسىدا ئادەملەردىن قاتار سەپ پەيدا بولدى. چېلەك-چېلەكلەپ سۇلار توكۇلدى. بىردىنلا غاراس-غۇرۇس قىلىپ ئامبارنىڭ توغرا لىمى سۇندى، ئادەملەر قاچتى، يالغۇز سالىلا قېچىپ ئۇلگۇرەلمىدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ كەينىدە يۇگرەپ يۇر-گەن جامىنىڭ نەۋرىسىنىڭ ئامبارغا يۇگرەپ كىرگىنىنى كورۇپ، تۇتۇلۇكتىن سەكرەپ چۇشكەن ۋە بالىنى كوتىرىپ تالاغا قاراپ يۇگرىگەن ئىدى. بوسۇغىغا بېرىشىغىلا ئامبارنىڭ تورۇسى گۇپلا قىلىپ گومۇرۇلۇپ چۇشتى. ئۇنىڭ بېشى تالادا، پۇتلى-رى ئويىنىڭ ئىچىدە دۇملا يىقىلغان ئىدى. ئوتمۇ ئۇچۇرۇلدى. لېكىن سالى جاراھەتلەندى. ئۇنىڭ بىر پۇتى سۇنغان، قولل-رى ۋە يۇز-كوزى چاۋۇرۇپ كويگەن، كىيىملىرى تىتما-تىتما بولۇپ يىرتىلغان ئىدى.

ھويلىغا تولغان ئادەملەر خۇددى ئاجايىپخانىغا كىرىپ قالغاندەك ھەيران قېلىپ، بىردە ئۇنى، بىردە بۇنى قىزىقىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن كوزدىن كەچۇرۇشەتتى. يەنە بىرلىرى ھويلىغا دووۇلەنگەن نەرسىلەر ئىچىدىن دۇينىڭ مۇلۇكلىرىنى تونۇۋېلىپ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ ۋاقىرىشاتتى!

— تووا، قاراڭلار، ئاۋۇ مەن ئۈچ يىل ھەيدىگەن ھارۋىنىڭ پەنلىرىغۇ!؟

— ماۋۇ شەپشەك تورۇقنىڭ نوختىسى ئەمەسمۇ!؟

— سەرجاننى نىمگە ئەكىرىۋالغاندۇ...

— جىنازىدىن باشقا ھەممە نەرسە مۇشۇ يەردىكەنغۇ!...

— ئۇندۇرمە بوپ كېتىپتۇ!... مىتە چۇشۇپتۇ!...

— مۇنۇ باغلىقلارنى كىمگە ساتاركىن؟...

— پاھ، ھوي، مۇنۇ يۇڭلار تۇگىشىپتۇ، ئىسىت!...

— ئوت كەتكىنى ياخشى بوپتۇ، بولمىسا مەھەللىنى سېسىق-چىلىق كومەتتىكەن...

— ھەي دۇيجاڭ، جامىكامدەك ئوغرىنى ئەمدى قانداق جازا-لايسەن، مەن دۇينىڭ قوشقاۋاق چارىدىن يېرىم مىشكاپ ئېلىپ قويۇۋىدىم، بولۇشىچە جەرىمانە قويدۇڭ، جامىكامغا شۇنچە نەرسىنى ئالغىنىغا...

سالى ئايلى بىلەن بالىسىنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، كوپچىلىككە قاراپ تەرىنى تۇرۇپ تەستە ۋاقىرىدى:

— قويساڭلارچۇ، كوپچىلىك، قويساڭلارچۇ؟ شۇ قېرىنى رەنجىتمەڭلارا، بۇنىڭدىن كېيىن ئالماس، بۇرنىغا سۇ كىرىدىغۇ!

— سەنزە سالى، كوڭۇل ئاياپلا دۇنيادىن ئوتىدىغان

بولدۇك-دە. قارىغىنا تولۇق ئۇن ھارۋا چىقىدىغان تەئەللۇقات! بىزنىڭ شياۋدۇينىڭ ئىسكىلاتىدىمۇ بۇنچىلىك بايلىق يوق، ھوي جامىكا، ئەمدى نىمە دەيسەن، مۇنۇ يېيىلىپ ياتقان بايلىقنىڭ ئۇچۇن بىرنىمە دىگىنە!

دۇيجاڭ جامىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئامباردىن چىققان دۇينىڭ مۇلۇكلىرىنى قولى بىلەن كورسەتتى. گاڭگىراپ بېشى قاتقان جامى قوللىرىنى قوشتۇرۇپ دۇيجاڭغا قاراپ ئېگىلدى-دە:

—شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ...يېڭىلمەس ئاللا...مەن، نىملا قىلسامۇ يىغىپتىمەن، يوقاتماپتىمەن...ئاۋۇچۇ؟...—دىدى ۋە بىردىنلا قىينىلىپ مىڭ تەسلىكتە دەرەخقە يولىنىپ ئورە تۇرۇۋاتقان سالىغا بۇرالدى،—ئۇ ھەممىنى كويدۇرمەكچى، كويدۇرۇپ يوقاتماقچى، ئوت قويغان ئاشۇ، ئاۋال ئاشۇنى جازا...

—بوۋا، مەن، مەن ئوت قويدۇم!

جامىنىڭ نەۋرىسى ئۇنىڭ سوزىنى بولۇۋەتتى.

—ۋۇي نەسلىڭ قۇرۇسۇن!...—جامى بالىغا تاشلاندى، دۇيجاڭ بالىنى كوتىرىۋالدى، جامى بولسا تامدەك تاترىپ ئوگدىسىغا دىرىڭگىدا ئۇچۇپ كەتتى...

## 3

كۆز كەلدى. ئېتىزلار ئالتۇندەك يالتىرىدى، يېشىل ياپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

راقلار ئارىسىدا ئالتۇن تەڭگىلەر — سېرىق ياپراقلار پەيدا بولدى. تۇرخۇنلارغا قادالغان قاغداللىق شاخلاردا قىپ-قىزىل پەمىدۇر قاقلىرى قۇرۇدى. ئۇستەك سۇيى سۇزۇلۇپ، تاشلار كورۇنىدى، بېلىقلار چۇش مەزگىللىرى سۇ يۈزىگە سەكرەپ چىقىپ ئوينىشىدىغان بولدى، يازچە بۇك باغلاردا چۇرۇقلاشقان چۇجە-خورازلار ئەمدى كوچىلارغا چېچىلغان مەڭگەندە دانلاي-دىغان، شوخلۇق بىلەن مىكىيان چاقىرىدىغان ياكى قايسىبىر هويلىغا قانات قېقىپ كىرىپ، ئۆزىگە ئوخشاش ئورۇشخورلار بىلەن سوقۇشىدىغان بولدى...

جامى ئۇستەك بويىدىكى بوستاندا توت قاتلانغان تېكىمەت ئۈستىدە ماموق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ يېتىپ خىيال سۇرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرى تىيانشاننىڭ چوققىلىرىدىكى قاردەك ئاقارغان، چىرايى مۇنۇ ئاۋازسىز چۇشۇۋاتقان سوگەت يوپۇرماقلىرىدەك سارغايغان، ئۆزى بولسا قۇرۇپ قالغان ئاۋۇ يالغۇز تېرەكتەك بىر تىرە-بىر ئۇستىخانلا بولۇپ ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ھىلىقى چاغدا ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتكەندىن بېرى توت ئاي بولدى، ياتماقتا. "هايات-هايات" دەپ تېپىپ تۇرغان يۇرىگىلا ئۇنىڭ تويماس گەۋدىسىدە يەنىلا جان بار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرمىقتا، ئۇنىڭ ئۆلۈكتىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى: پۇتۇن ھاياتىدا ئويىگە ئاللىنى-مىلەرنى توشۇغان ئىشچان قوللىرى ئاغزىغا قونغان چىۋىننى قورۇشقىمۇ ھالسىز ئىدى. ھەممىلا نەرسىگە ئاچكوزلۇك بىلەن

ئالاقزادە بولۇپ قارايدىغان كوزلىرى ئەڭ سويۇملىك نەۋرىسى كېلىپ، شالاڭ ساقاللىرىنى تاراپ ئويىنىغاندىمۇ تەستە ئېچىلاتتى. كېسەل ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاچكوزلۇك، دۇنياخورلۇق ۋە ۋەسۋەسىلىرىنىمۇ قۇرۇتۇپ تاشلىغاندەك، ئۇ ئەمدى ئەڭ سېخى، ئەڭ كوزى توق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھەممىلا نىمىگە پەرۋاسىز قاراپ، جىمجىت ياتاتتى...

ئۇ ساقىيىپ قالغانمۇ بولار ئىدى، سالىدىن كويگەن ئامبىرىنى تولتىپ ئالالمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئولمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دىگەندەك، نەچچە يىللار سەھەرلىك شىرىن ئۇيقۇسىنى قۇربان قىلىپ يىققان بايلىقىنى شياۋدۇينىڭ بىر يولىلا ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ توغرىسىدا پۇتۇن گوگۇشى تەۋەسىدە سوز-چوچەك بولغانلىقى ۋە ئۇزىگە تىكىلگەن نەپرەتلىك كوزلەر، قىلىنغان ئاچچىق تەنىلەر... ئۇنىڭ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، مانا ھازىر جامى كېرەكسىز جابدۇقتەك تاشلىنىپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭغا قارايدىغان ھېچكىم يوق، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ھېچكىم جاۋاپ بەرمەيدۇ، تەقدىر ئۇنى مازاق قىلماقتا، خالىغانچە بوزەك قىلماقتا: بەزىدە توخۇلار ئۇنىڭ قېتىغىنى چوقۇلاپ كېتەتتى، بەزىدە تاۋۇزلىرىنى يەپ قاچاتتى، ھىلقى ئىتمۇ ھېچ ھېيقماستىن ئۇنىڭ قاچىسىنى پۇراپ، تامىغىغا تۇمشۇغىنى تىقاتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا بۇقۇلداپ يىغلايتتى. لېكىن بالىلىرى، ئايلى شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا كەمدىن-كەم ھەمرا بولاتتى. كىچىك نەۋرىسى بولسا يېنىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىردەم ئويناپ، بوۋىسى ساق ۋاقتىدا كولاشقا پىتىنالمايدىغان يانچۇقلىرىغا بىمالال قول سىلىپ پارچە پۇل، پۇتۇن پۇللارنى ئېلىپ، مەھەللە ماگىزىنىغا قاراپ قاچاتتى-دە، كەچتە بىراقلا كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا جامى لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ كوزىگە ياش ئېلىپ:

— مېنىڭ بالايۇ-ۋاقام بىكويۇم، ئۇلار مېنى پاتراق ئولسەكەن دەيدۇ، ئورە بولۇپ ئالساملا ھەممىسىنى قوغلاپ چىقىردمەن! — دەيتتى. لېكىن ئۇ ھەممىدىنمۇ كوپرەك خوشنىسىنى ئىچىدە تېخىمۇ قاتتىقراق تىللايتتى، چۈنكى ئۇ ئوز كوڭلىدە پۇتۇن ئاپەتنى خوشنىسىدىن كورەتتى: سالى ئۇنىڭغا خوشنا بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئويىگە نەۋرىسىمۇ ئوت قويمايتتى، تاپقان-تەرگىنىنى دۇيمۇ ئېلىپ كەتمەيتتى. لېكىن پەلەك ھامان ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ تەتۇرىسىچە بولماقتا. مانا پۇتى سۇنغان سالى ئورە يۇرىدۇ، ھەر كۇنى سەھەر تۇرۇپ قولتۇق تاياق بىلەن ئېتىزلارنى ئايلىنىپ كېلىدۇ، بەزىدە تېخى دىڭگاكشىپ يۇرۇپ موزايلارنى ھەيدەيدۇ، ئېرىقلارنى ئېتىدۇ، بەزىدە ئاللىنىمىلەر بېسىلغان ھارۋىنى بالىسىغا سورىتىپ، دۇينىڭ ئىسكىلاتىغا ئېلىپ ماڭىدۇ... جامىچۇ؟ چىۋىن بىلەن چۇمۇلىگىمۇ بوزەك بولۇپ ياتماقتا، بەزىدە چۇمۇلىلەر ئۇنىڭ قوسىغىدىن يول ئېلىپ ئاللىنىمىلەرنى سورەپ ئوتىدۇ، چىۋىنلار كوز چاناقلىرىدا پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ ئارام بەرمەيدۇ...

ئۇ بۇگۇن خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. بىردە هايات ئۇچۇن تىنىمسىز سەكرىشىۋاتقان بېلىقلارغا، بىردە كوچىدا قانغا بويۇلۇپ سوقۇشۇۋاتقان خورازلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— بېلىق جېنىدا بۇلايدۇ، توخۇ جېنىدا بىر بىرىدىن قىزغىنىدۇ. مەن نىمە قىپتىمەن؟ هەرقانچە توشۇسامۇ مۇنۇ قوسىغىمنى يول قىلىۋالغان چۇمۇلىچىلىك توشىمىغاندىمەن... قىلغىنىم يالاقىنىڭ تېگىنى يالاش، ئۇنى-بۇنى پۇراش ۋە قۇرۇق ئۇستىخاننى غاجىلاش بولدى. سەنلەر دۆيىجاڭ بولۇۋېلىپ قاچا بوشاتتىڭ، ئىلىك شورىدىڭ، قوۋۇزۇڭ توشقىچە چىشلەپ يىيىشتىڭ، لېكىن سەنلەر تېخى چىش بىلىشسەنۇ، ماڭا ئوخشاش كالپۇگى قۇرۇپ كەس-كەس يېرىلغان بىچارىنىڭ چىشلىرىنى چاقماقچى بولۇشسەن!... ۋۇي بەتتاللار!

ئۇنىڭ يېنىغا كېلىنى كەلدى:

— دادا، رىزۋان توي قىپتۇ، ئەمدى بۇ يەرگە كېلىپ يۇرتقا چاي بەرگۇدەك!...

— پۇلنىڭ يوقىدىما؟!...— جامى خۇددى بىرسى يۇرىكىگە قول ئۇزاتقاندەك سەسكىنىپ كەتتى. كېلىن قېيناتىسىنىڭ بىر قېتىمۇ كۇلگىنىنى كورمىگەن، قوشۇمىسىنى تۇرۇپ يۇرۇشكە ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، بۇگۇنكىدەك تۇيۇقسىز چوچۇگىنىنى، چوچۇگەندىمۇ ياتقان يېرىدىن غەزەپ بىلەن سەكرەپ تۇرۇپ كەتكىنىنى كورمىگەن ئىدى. ئۇ قورقۇپ كەينىگە داجىدى ۋە ئويگە كىرىپ كەتتى.

ــ مەن چۈمۈلىدەك ئۈگامىغا تارتىمەن، مېنىڭ بالايىۋ-ۋاقام ئۈگمىسىدىن توپا ئېپچىققان كۆسكا چاشقاندەك سىرتقا چاچىدۇ. چوڭ ئوغۇل كېچىسى ئولتۇرۇش قىلىشۋاتقان، كېلىن مېھمان چاقىرىشۋاتقان، ئاۋۇ گالۋاڭ خوتۇن تاپقان-تەرگىنىمگە لاتا-پىتە ئېلىپ ساندۇغىنى چىڭداۋاتقان، مۇنۇ قىزىممۇ تېخى بىر تىيىن ئەۋەتمەي تۇرۇپ ئالىمەن دېگىلى تۇرۇپتۇ... ئۇرە بولۇۋالسام، ھەممىسىنى قوغلايمەن، ۋۇي غىزاغا چۈشكەن بۆرگىلەر، ۋۇي راپاۋەت بىلمەيدىغان بەتتاللار!...

شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا ئەمدى قولتۇق تاياقنى تاشلىغان سالى كەلدى-دە، كۆلۈپ تۇرۇپ جامىغا سالام قىلدى. جامى كوزلىرىنى يۇمۇۋالدى:

ــ جامىكا، ئەمدى تويلىشىپمۇ قالدۇق، قارىمامسەن، باللار...

ــ يوقال! ــ دىدى جامى قوللىرىنى شىلتىپ، ــ ئاتىنىڭ ئۆلۈمى ئىتقا توي دېگەن شۇ! مېنىڭ قىزىممۇ بىر پارچە ئەسكى لاتا، سەدىقە قىلىپ چۆرۈۋېتىمەن، سەنزە تېخى جامىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتتىن كۆلىسەن!...

ــ ئاپەت ئەمەس جامىكا! ــ سالى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ باللارنىڭ ئەقلى ئىشلەپتۇ، غەمدىن خالاس بولدۇق، ئەمدى ئۇرۇق-تۇققان بولۇپ قالدۇق، جامىكا، ھەر ئىش بولسا يولى بىلەن...

ــ سەن نىمە دەۋاتىسەن! ــ دىدى جامى بىر نىمىنى تۇيغاندـ

دەك قىلىپ چوچۇپ، ــ بۇ يەردە ساڭا چېتىشلىق نىمە ئىش بار ئىدى؟

سالى ئوبدانىراق چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن جامىغا يېقىن كەلدى:

ــ سېنىڭ قىزىڭ بىزنىڭ شەمى بىلەن توي قىپتۇ!...

ــ نىمە؟ سېنىڭ بالاڭ بىلەن؟! ــ جامى ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇپ، يەل يومزەكتەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، ــ ئەقلى ئىشلەپتۇ دىگىنىنى، ئەقلى ئىشلىگەن بولسا سېنىڭ بالاڭ بىلەن تېپىشارمىدى... ــ ئۇنىڭ گېلىدىن بىرسى بوغقاندەك، بىردىنلا ئاۋازى ئۆچتى ـ دە، ئۇ ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ، كوك ئاسمانىغا قاراپ خۇددى ئولۇكتەك يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كوزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار قويۇلدى، ئۇ قۇرۇغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ بىرنىمىلەرنى دىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈزىگە ئىككى چىۋىن قوندى. كېيىن ئۇلار تېخىمۇ كوپەيدى...

سالىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇنىڭمۇ سېرىق بۇرۇتلىرى تىترىدى. ئۇ يەلپۇگۇچ بىلەن چىۋىنلارنى قورىدى...

جامى قىشقا يېقىن ئارانلا ئورە بولالىدى ۋە تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ سالىنىڭ بېغىغا قاراپ، ياقىسىنى تۇتۇپ ئوز ئوزىگە پىچىرلىدى: "توۋا، نىمە دىگەن سولەتلىك سىيىرلار، نىمە دىگەن قۇيرۇقلۇق قويلار، ئاۋۇ سەۋزە، ياڭيۇ، پىيازلىرىچۇ... ھەممىلا ئىشى ئوڭدىن كېلىۋاتقان، ئۇ قولىنى بىر تىيىن

چىقمايدىغان ئىشلارغا سۇنىدۇيۇ، بايلىق بولسا ئۇنىڭ بوسۇغىسىنى ئايلىنىپ كېتەلمەيدۇ. مەن تېچ ياتماي ئۆيۈمگە توشۇيمەنۇ، ئامەت بۇجەندەك ئۈركۈپ قاچىدۇ. تۇرمۇش تەتۇرسىگە پىقىرايدىكەن، نىمىنى ئارزۇ قىلساڭ، شۇ سېنىڭدىن قاچىدىكەن، نىمىدىن بىزار بولساڭ، شۇ ساڭا يېپىشىدىكەن... تووۋا، پۈتۈم گورگە ساڭگىلىدى، تېخىچە زىيان تارتقان سودىگەردەك، ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك، ئۆز گوشۇمنى ئۆزەم يەپ يۈرىمەن. بۇ دۇنياغا باش-ئۇچى يوق چىگىش يىپنى يېشىش ئۈچۈن تۇغۇلغانمىدىم؟ ئەتە توي، تېگىپ بولغان قىزغا پۈتۈن جامائەت ئەلچى بولۇپ كىرگىنى نىمىسى؟ سالىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈنما؟ سالى تېخى پىلاندىكىدىن ئوشۇق ئاشلىق تاپشۇرغىنى ئۈچۈن نەچچە يۈز تەڭگە مۇكاپات ئاپتۇدەك، پۇلى جىق بولغاندىكىن، سۆزىمۇ يوللۇق بولىدۇ. تويغا رازى بولماسقا نىمە ئىلاج...»

ئۇ يەنە ئاللىنىمىلەرنى ئويلىغانمۇ بولار ئىدىيۇ، ئېتىز تەرەپتىن كېلىۋاتقان سالى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. سالى بالىسى بىلەن رېزىنكە چاقلىق ھارۋىدا كېلىۋاتاتتى. سېمىز دونەن ھوكۈزنىڭ كېرىلگەن بۇرۇنلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، ئۇ خېلىلا ئىشلىگەندەك كۆرۈنەتتى، جامىنىڭ ئۇنى كورەرگە كوزى يوق، ئۇ يېرىم قولتۇق قوناق شېخىنى قولتۇقلاپ ئەمدىلا ئۆيىگە مېڭىۋىدى، سالى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— جامىكا، چوڭ ئوغلۇڭ بىزنىڭ مەشغۇلات گۇرۇپپىمىزغا قوشۇلدى، — دىدى ئۇ ھارۋىدىن چۈشۈۋېتىپ، — قارىمامسەن،

بۇ يىل كۆزگىنىمۇ راسا قەرەلىدە ھەيدىۋالدۇق. بۇلتۇرقىدىن 80 مو ئوشۇق. سوقا چىشى يىگىرمە سانتا چوكۇپتۇ، ھەر موسىغا 10 مىڭ جىڭدىن ئوغۇت بەرسەك، ئاپەت بولۇپ قالمىسلا كېلەر يىلى مو بېشىدىن 600 جىڭدىن بۇغداي ئالىمىز...

جامى ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قارىدى:

— بۇ يىل قانچىلىكتىن ئالدىڭ؟

— بۇ يىل 550 جىڭدىن.

— بىر گۈڭغا نەچچىدىن توختىدى؟

— بەش سوم ئاتمىش تىيىندىن، — دېدى سالى قوللىرى بىلەن كورسىتىپ، — كېلەر يىلى يەتتە سومغا يەتكۈزىمىز!

جامىنىڭ چىرايى جىلمايدى، بۇ كۈلكىمۇ، يىغىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى...

* * *

ئۇستەڭ بويىغا ئىككى چوڭ قازان ئېسىلغان، ئىككى قورانىڭ سارايلىرى، پىشايۋانلىرىغا كىگىزلەر سېلىنغان، قولىغا سۇ بەر- گۈچىلەر مۇرىسىگە لوڭگىنى ئارتىۋېلىپ ئالدىرىشىپ يۈرىدۇ، يىگىتلەر دەستە-دەستە نان، قەن-گېزەككە تولغان پەتنۇسلارنى داستىخانلارغا تىزماقتا. گوشلۇك پولو ئۇسۇلغان لىگەنلەر قولدىن-قولغا ئۆتۈپ ئويلەرگە سۇنۇلماقتا، ساماۋارلاردىن قويۇق ھور كوتىرىلمەكتە. يىگىتلەر سالىنىڭ ئايرىم ياسىغان سارىيىنى ئىگەللىگەن، ئۇ ئويدىن دۇتتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا، داپ ئاۋازى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاتلانمىغان بىرمۇ ئادەم يوق، سالى ئەر بولۇپ تۇنجى
قېتىم ئوغۇل ئۆيلىگەن بەختلىك ئاتا بولغاچقا ھەممىدىن خوشال.
يالغۇز جامىنىڭلا قاپىغى ئېچىلمىغان. كۆيوغلى بىلەن قىزى ئۇنىڭغا
ئاتاپ سوكنۇدىن شىم-چاپان تىكتۇرۇپ كەلگەن ئىكەن. سالى
ئۇنىڭغا مانچىستىر بوك، كالاچ-مەسە ۋە چۈنچەن كوينەك
قوشتى. ئۆمرىنىڭ تولىسىنى ماتا، چەكمەن ھەتتا سەگىز
كىيىپ ئۆتكۈزگەن، كېيىن قولى ھەرنىمىگە يەتكۈدەك بولغان-
دىمۇ خادانىدىن باشقىنى كىيمىگەن جامىغا ئايلى بىلەن كېلىنى
مەجبۇرلاپ دىگۈدەك يېڭى كىيىملىرىنى كىيگۈزدى. ئۇ قول-
لىرىنى قوشتۇرۇپ يۇرت چوڭلىرى بىلەن كۆلۈمسىرەپ كورۇش-
كەن ۋە يېڭى كىيىملىرى بىلەن پات-پات ئۇستەڭ بويىغا بېرىپ
ئۆزىنىڭ سۈزۈك سۇدىكى كولەڭگىسىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ قىز چوڭ
قىلىپ زىيان تارتمىغىنىدىن رازى بولغان بولسىمۇ، لېكىن كوڭ-
لىنىڭ بىر يېرىدە ھەممىلا ئىشقا نارازى ئىدى، بولۇپمۇ قىزى-
نىڭ قىرىشقانىدەك سالىنىڭ ئوغلىنى لايىق تاپقىنى ئۈچۈن
قاتتىق نارازى ئىدى. لېكىن ئامال قانچە، توي بولۇپ بولغان،
ھېچكىم ئۇنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالماس بولۇۋالغان مۇنۇ كۈنلەردە
ئۇ قايسىبىرسىنى توساپ ئالالايتتى. ئوغلى دادىسىغا گەپ
قىلمايلا سالىنىڭ گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپتۇ، باللىرىمۇ سالىنىڭ
باللىرى بىلەن بىللە مەكتەپكە بېرىپ كېلىدۇ، كىم بىلىدۇ يەنە
نىملەر بولىدۇ تېخى؟ قارىمامدىغان، ئاۋۇ ھويلىغا ھېچنىمىنى
يېقىن يولاتمايدىغان ئىتى چېغىدا سالىنىڭ ئىتى بىلەن دوست،

توخۇلىرى بولسا ئۇي ئايرىمايدۇ...

"نەس جاھان، نەس باسقان دۇنيا، — دەپ زارلىدى ئۇ بوستاندىكى كارۋاتتا ئولتۇرۇۋېتىپ قاتتىق ئۇھ تارتىپ، — بۇنىڭ نەسلى قۇرۇغىچە مېنىڭ نەسلىم قۇرۇيدىغان ئوخشايدۇ. كەلمىگەن تەلەيدە ئاتاڭنىڭ ھەققى بارمۇ دىگەن شۇ. پېشانىنىڭ كاجلىغى - دە، باياشاتچىلىق بولۇپ، مۇنۇ سالىدەكلەرنىڭ ساقىسى ئالچۇ چۈشكىلى تۇردى، ئەسكى - تۇسكىگە قاراشقا ھىچكىمنىڭ كوزى يوق. كىچىك ئىسكىلاتتىكى كونا - يالغاننىڭ بازىرى چىقسا بولاتتى. مەمۇرچىلىك بولسا ئەسكىگە بازار يوق. ئىلا-ھىم، بىر ئاچارچىلىق بولسىدى، شۇ چاغدا مۇنۇ سالىدەكلەر ئۇششۇك چوجىسىدەك قانىتىم ئاستىغا چۈكۈلداپ كىرىشەتتى. يەرگە بىر نوۋەت، ئەرگە بىر نوۋەت. مېنىڭمۇ تىلىگىم ئىجاۋەت بولۇپ، مەمۇرچىلىك كوتىرىلىپ، قەھەتچىلىك باشلىنار ئىلاھىم...".

ئۇ تەرىنى تۇرۇپ كىمنىدۇ تىللىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا سالى يېتىپ كەلدى:

— تاۋلىڭ يوقمۇ، جامىكا؟ بىتاپ كورۇنىسەن، يۇرگىنە، يۇمشاغراق ياتقىنا، ھەجەپ كۇنلەر بولۇۋاتىدۇ، بالىلارنىڭ دولىتىنى كورەيلى، خوشنا ئىدۇق، ئەمدى تۇققان بولدۇق، يۇرگىنە، گۇگۇر - مۇگۇر بىر چىنە ئىسسىق چاي ئىچەيلى...

سالى ئۇنىڭ قولتۇغىدىن يولىدى. جامى نىمە قىلارىنى بىلمەي چىرايىنى پۇرۇشتۇردى، ئۇنىڭغا يەر يۇزىدىكى ھەممىلا

نەرسە بىر بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك، خۇددى كۈنمۇ غەرپ
تەرەپتىن چىقىپ شەرققە قاراپ ئولتۇرۇۋاتقاندەك بىلىندى.
ئۇ چىرايىنى تېخىمۇ پۈرۈشتۈردى، ئۇ كۈلمەكچىمۇ ياكى يىغلى-
ماقچىمۇ، بىر يېرى ئاغرىۋاتامدۇ ياكى جېنى راھەتلىنىۋاتامدۇ،
بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. بولۇپمۇ ئاق كوڭۈل، سەمىمى سالى
بۇ نەرسىلەرنى بىلمەيتتى. بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇنىڭ كوڭ-
لىدە مۇنۇ تۆت كۈنلۈكى قالغان خوشنىسى — قۇدىسىغا غەمخور-
لۇق، خەيرىخاھلىق ۋە مېھرى-شەپقەتتىن باشقا ھېچنىمە يوق
ئىدى.

1973 - يىل غۇلجا، 1981 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، بېيجىڭ.

# ساداقەت

مەقسەتسىزلا ئېتىز ئارىلىدىم. كەچكۈزنىڭ كۈچسىز ئاپتىۋى تەرلەتكەندىن كېيىن، ئېتىز ئارىسىدىكى يالغۇز قارىياغاچ تۈۋىدە شىۋاقلىق ئۈستىگە ئولتۇردۇم. خۇددى يالغۇز قارىياغاچ مېنىڭ يۈرەك يارامنى بىلىدىغان ئادىمىمدەك بىلىندى: ئۆتكەن يىللار-نىڭ يالدامىسى — ئاقارغان چاچلىرىمنى سىلىدىم-دە، قارىياغاچقا سىنچىلاپ قارىدىم:

...ئېتىزلار ئارىسىدا غۇلاچ كېرىپ تۇرغان بۇ قارىياغاچ تالاي ئىشلارنىڭ گۇۋاچىسى. ئۇنىڭ بوۋاقتەك يۇمران چاغلىرى ئۈچ يۈز نەچچە يىلنىڭ نېرىسىدا قالغان. ئۇ هازىر هاياتىدا كورگەن-لىرىنى ئەسلەپ، مۇگدەپ ئولتۇرغان ئاقۋاش ئانىغا ئوخشايدۇ، مۇكچەيگەن، كوزىنىڭ خۇنى، چىرايىنىڭ ئىسكەتى تۈگىگەن. ئۇنىڭ سوڭەكتەك ئاقارغان شاخلىرى گويا ئانىنىڭ ئاپپاق چېچى، غۇلاچ يەتمەيدىغان غولىدىن قايناپ چىققان دىۋىرقاي ئانىنىڭ هەسرەتلىك كوز يېشى. ئۇنىڭ ئاۋات - كوكۇلۇك چاغلىرىمۇ بولغان ئىدىغۇ!... تومۇزدا چاقىغان كاككۇك كوكۇلۇك يازدا ئارامىلىق ئىزدەپ ئۇنىڭ شېخىغا قونىدۇ ۋە تىلىنى چىقىرىپ تامىغىنى لىپىلدىتىپ قويۇپ، هالسىزلىق بىلەن "كاككۇك!"،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"كاككۇك!" دەپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ. كەچتە قۇچقاچلار ئۇنىڭ شاخلىرىغا توپ-توپ بولۇپ قونۇۋېلىپ ۋىچىرلىشىدۇ...

مانا بۇ ئاۋات، كوكۇللۇك چاغلار.

ياز كېتىپ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى شاخلار بىلەن خوشلىشىپ يەرگە قاراپ ئۇچقاندىچۇ؟ ئۇ چاغدا قارىياغاچ مۇساپىر كەپسەندەك ھۇيقۇپ قالىدۇ. كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ئۇنىڭ نازۇك شاخلىرىنى تىترىتىدۇ ۋە غىڭىلدىتىدۇ...

لېكىن يالغۇز قارىياغاچ تۈنجى قاردا يېڭىچە ھوسۇن تاپىدۇ. ئۇ ئاپپاق كىيىم ۋە باھار گۈللىرىدەك قار چېچەكلىرى بىلەن بېزىلىدۇ. ئۇ كوزنى چاقىدىغان ئاپپاق دالادا خۇددى ئاسمان-دىن چۈشكەن پەرىشتىدەك ھەيۋەت ۋە سىرلىق كورۈنىدۇ...

...لېكىن قىش گۈزەللىگىنى ئەتىيازنىڭ سېرىق شامىلى نابۇت قىلىدۇ-دە، ئۇنىڭ شاخلىرىدىكى ئاخىرقى مەرۋايىت كىرىستاللارمۇ ئېرىپ، مۇڭلۇق قىزنىڭ كوز يېشىدەك تامچىلاپ تۇگەيدۇ... بىراق ئۇنىڭغا مۇڭ مەڭگۇلۇك ھەمرا ئەمەس، ئۇنىڭ شاخلىرىدا ھاياتلىق يەنە جەۋلان قىلىدۇ، يالتىراق يوپۇرماقلارنى شاخلارغا قوندۇرۇش ئۇچۇن باھار ئەلچىسى بولۇپ پورە چېچەكلىرى ئۇنى چۇمكەيدۇ...

مانا بۇلار يالغۇز قارىياغاچتا ئۇچ يۇز نەچچە يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تەكرارلىنىش.

بۇ تەكرارلىنىش مېنىڭ ھاياتىمدىكى خوشاللىق بىلەن قاي-غۇنىڭ تەكرارلىنىشىغا ئوخشاش بولماي نىمە؟ مەن شۇ تاپتا

ھاياتىمدىكى چېچەكلەر: ئايىلىم ۋە بالىلىرىمدىن ئايرىلدىم.
ئايىلىمنىڭ سەۋەنلىكى مېنى ئۇۋىسىز قۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويدى.
لېكىن مەن كۆڭلۈمنى غەش قىلىدىغان كۈنلەرنى ئەسلەشنى
خالىمايمەن. ھاياتتىن كۆڭلۈم سۇ ئىچسۇن، ماڭا خوشاللىق،
ناۋاتتەك تاتلىق ئەسلىمىلەر كېرەك.

مۇنداق ئەسلىمىلەر ھاياتىمدا ئاز بولدىمۇ؟

— يادىڭدىمۇ قارىياغاچ، مەن بىر قېتىم تۈۋىڭدە ئولتۇرۇپ
نىمىگە تەلمۈرگەنتىم؟ ئۇنىڭغا نەچچە يىل بولدى؟

— يىگىرمە توت يىل، — دىدى قارىياغاچ كۈلۈپ قويۇپ.

ئۇ چاغدا مەن ھايات لەززىتىنى چەكسىز بىلىدىغان، كۆڭلى
يورۇق، دىلى تازا، ئون توققۇز ياشلىق يىگىت ئىدىم.

چۈشلۈكى چالغىچىلار تاۋۇز بىلەن يۇمشاق نان يەپ، كەچ-
كۈزنىڭ يۇمشاق چۆپى ئۈستىدە ئولتۇرۇشقاندا، مەن مۇشۇ
قارىياغاچ تۈۋىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ خوشنا مەھەللىگە قارىدىم:
قىپ-قىزىل ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى، ئوگزە تۈرخۇنلىرىغا قادال-
غان قاغداللىق شاخلاردىكى پەمىدۇر-لازىلار، ئوگزىلەرگە
ئاپتاپقا سېلىنغان قىپ-قىزىل چاقما كاۋىلار... كۈن نۇرىدا
پىشىپ تاۋلانغان ئېتىزلار ۋە باغدىكى مېۋىلەر مەھەللىنى قىزىل
گۈللۈك يېشىل داستىخانغا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. مەن ئاشۇ
قىزىللىق ئىچىدىكى مەھەللىدىن بىرلا نەرسىنى يەنى دائىملا
قىزىل سەتىندىن كوينەك كىيىپ، ئۈچ بۇرجەك قىزىل ياغلىق
تېگىپ يۈرىدىغان قىزنى ئىزدەيتتىم.

www.uyghurkitap.com

ئەنە: دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ پاكار ئۆگزىلىك ئۆيى كورۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ياقتىن كېلىدىغان ئاۋازلارنى سەگەك قۇلىغىم ئاڭلاپ تۇرىدۇ. مانا: قورۇق تېمىغا چوجە-خوراز چىقىپ چىللىدى، سوڭگۈچ يېنىدىكى گۈناۋازلىق ئېرىق قىرىدا بولۇتقا تاقىشاي دەپ تۇرغان ئىككى توپ سۇۋادانىنىڭ شاخلىرىدا قاغىلار قاقىلداشتى. خوشنا ئايال ئاۋازىنى سوزۇپ، بەڭۋاش بالىسىنى توۋلىدى... قىز بېغىغا چىقسا، مەس كاككۇكتەك بىرلا قاقاقلاپ كۈلسە، مەنمۇ خۇددى تەر بىلەن كېسەلدىن يەڭگىگەن ئادەمدەك، ئازاپتىن قۇتۇلغان بولماسمىدىم؟

كوز ئۈزمەي ئۇلارنىڭ بېغىغا قاراپ تۇرىمەن: ئەنە ئۇلارنىڭ تونۇرىدىن ئاۋال قاپ-قارا ئىس، ئاندىن يالقۇن كوتىرىلدى. بېشىنى لوڭگە بىلەن چېگىپ، ئەسكى چاپانىنى ئوروپ كىيىۋالغان ئايال ئۇزۇن كوسەي بىلەن تونۇرنى چوخچىلىدى. ئاشۇ باغنىڭ ئىگىزلىگىدا بىر يالاڭغىداق بالا قىسرەندىنىڭ ساغرىسىغا مىنىۋېلىپ ئۇنى موڭگۈتتى. ئەنە، پەلەگزىسىگە لىق سامان بېسىلغان دىخان ھارۋىسى كوچىدا كېتىۋاتىدۇ. سامان ئۈستىدە ئولتۇرغان ئاق مالىخايلىق يىگىت قايسىدۇ بىر ھويلىغا ۋاشاڭ سويمىسى ئاتتى ۋە بۇ يېزا چاقچىغىدىن ھوزۇرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلدى. ئەنە، خەتمىسىگە ئاتلاندۇرۇلغان بەختلىك بالا ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرماقتا، ئۇ ئاجايىپ ياساندۇرۇلغان: بېلىگە يىپەك پوتا باغلانغان، بېشىغا قۇلاقچا كىيدۇرۇلگەن، پوتىسىغا ھەر خىل ياغلىقلار چىگىلگەن، ئۇنىڭغا

بىرنەچچە ئاتلىق ئاغىنىلىرى ئەگىشىۋالغان، بالىنىڭ ئىچىنى بىر ئاتلىق يىگىت يېتىلىۋالغان، ئۆي-ئۆيلەردىن ئاياللار چىقىپ پەتنۇس بىلەن بالىغا كورۇملۇك بەرمەكتە، ياغلىق چىگمەكتە. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۆي بىسىپ تويغا ئېيتىپ يۇرمەكتە...

قىزىل كوينەكلىك قىز ئۆيىدىن چىقسا، تۇندە يانغان سەرەڭگىدەك يالت-يۇلت قىلىپ قويۇپ بولسىمۇ كوزدىن يۇتسە، مەيلى ئەمەسمىدى؟ مەن خىيالغا چۇشتۇم... لېكىن مېنى بۇ خىيالدىن بىرسى ئويغىتىۋەتتى.

—ئۇ كىم ئىدى، قارىياغاچ؟

—ھە، ئۇمۇ؟—دىدى قارىياغاچ غازاڭسىز شاخلىرىنى شال-دىرلىتىپ قويۇپ،—ئۇ كىم بولاتتى، مىرا بولمامدۇ، ئۇ مېنىڭ دوستۇم، ياق، مېنىڭ بالام، لېكىن ئۇ ھازىر مېنىڭدىن قېرى، سەن ئۇنى نىمىشقا يوقلىمايسەن؟ ئۇ پات-پات كېلىپ مېنىڭ شاخلىرىمغا ياغلىق باغلاپ قويىدۇ!

...شۇنداق قىلىپ مىراكام دۇمبىسىدىكى ئېغىر يۇكنى قىرغا ئاۋايلاپ قويدى ۋە ماڭا قاراپ:

—ھەي، يارى، ماۋۇ كورپىنى يەرگە سالغىنا،—دىدى.

مەن مىراكامغا چوچۇپ قارىدىم.

ئۇ پالەچ ئايلىنى ھاپاچ قىلىپ، چۇشەك-ياستۇقلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ شالاڭ، سېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۇلدى ۋە پالەچ ئايلىنى قولتۇغىدىن يولەپ تۇرۇپ، مەن سالغان كورپىگە ئولتۇرغۇزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— چېكەمسەن يارى؟ — دېدى ئۇ قاپ-قارا پېشانىسىنى كىر ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — چەكمەمسىنا، يۈگۈر، چالغىچىلاردىن بىر بۇرام ئەكېلىپ بەرگىنە.

گەرچە ئۇ مېنى لەززەتلىك خىيالدىن ئويغىتىۋېتىپ مېنى خاپا قىلىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدىم.

چالغىچىلاردىن بىر بۇرام موخۇركا ئېلىپ كەلسەم، ئۇ ئائىلەنىڭ قول شەرەتلىرىگە جاۋاپ بېرىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ:

— ھە، يادىڭدا باركەن ھە، ئەزنەم، ھېلىقى يىلى قوغۇن تېرىغان شاڭ مۇشۇ، ئەنە ئاۋۇ يەردە قوغۇنلۇق كەپىسى بولىدىغان، غورالداي ئۈگسى بار قارىياغاچنى دەمسىنا؟ قومۇرۇۋەتكىلى نىكەم. ها ها... توغرا، گۈلەڭگۈچ سېلىپ ئۇچاتتىڭ، مەن سېنى ئىتتىرىپ قوياتتىم، قانچە قېتىم پەللەم ئۇرغىنىڭنى سانايتتىم. ئۇ چاغدا سەن سۈۋاي، مەن غەمسىز ئىدىم. تالقان يېسەكمۇ ئېلىنگىمىز توق، ماتا كىيسەكمۇ ئۇچىمىز چوغدەك ئىدى!

مىراكام بىر سىقىملا كېلىدىغان تولغىماچ ساقلىنى تىترىتىپ كۈلەتتى، كۈلگەندە ئۇنىڭ قىيغاچراق كەلگەن يوغان كوزلىرىدىن ياش چىقاتتى. پالەچ ئائىلى — ئىڭەك تېرىلىرى خالتىلاشقان، نۇرسىز كوزلىرى ئەلەمدىن ئولتۇرۇشقان، قىسقىراپ مۇشۇك قۇيرۇغىغا ئوخشاپ قالغان بوز رەڭ ئورۇمە چاچلىرى ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان ئەزنىخان ھەدە (بىز ئۇنى ئەزنەم ئاپا دەيتتۇق.

ئومچى، كۆشتۈڭگۈر بولغاچقا، چوڭلار ئۇنى ئەزنەك دىيىشەتتى) ئىڭەكلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ، ساق قولى بىلەن ئىتتىزنى كورستىپ، ئېرىدىن بىرنىمىلەرنى سورىماقتا ئىدى.

مىراكام موخۇركىنى قاتتىق شورىدى-دە، ئايىلىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يادىڭدا باركەن ھە، سەن ئەنسەر ئومچى بىلەن ئوما ئورۇشقان ئىتىز ئاشۇ شۇ. ئۇ غول ئېرىقلار تۈزلەنگىلى نىكەم، ئۇ يەردە ھازىر تېۋىلغا تۇرماق، چىغمۇ قالمىدى، توشقان موككىدەك ساقاق تېپىلمايدۇ، ھەئە، ئاشۇ دوك ئەسكى تاملىق ئىدى، سەن شۇ يەردىن سۇپۇرگە تېرىپ قايتاتتىڭ..تېكەساقال سېغىزىنى ھەجەپ قارس چىقىرىپ چايناپتتىڭ ھە! بىر چاغلاردا ھەجەپ بىر جۇگان ئىدىڭ، ھەي ئىست، ھەر مەن-مەن دىگەن نوچىلارنى ئاتتىن ئورۇۋالاتتىڭ ئەزنە، بولدى، كوڭلۈڭنى يېرىم قىلما، كىم قېرىمايدۇ، كىم ئولمەيدۇ!

بۇ قىرىق يىللىق ئەر-خوتۇن دۇمبىلىرى بىلەن قارىياغاچقا يولىنىپ جىم ئولتۇرۇشتى.

— ئېيتقىنا قارىياغاچ، ئۇلار قانچە قېتىملاپ سېنىڭ تۈۋىڭدە سايىداپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشقاندۇ؟

— ئۇلار سايەمدە كوپ ئولتۇرۇشتى، — دىدى قارىياغاچ ماڭا جاۋاپ بېرىپ، — لېكىن مۇڭداشمايتتى. سەن بىلمەيسەن، ئۇلار زادىلا چىرايلىق گەپلەر بىلەن بىر بىرىنى خوش قىلمايتتى، ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇپ چىغ ساقاغداش، سۇپۇرگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بوغـۇش، باغـلىق ئېتىـش قاتارلـىق ئىشـلار بىلەن ۋاقـىت ئۆتكۈزەتتى، بەزىدە بولسا داق يەردە دۇم يېتىپ ئۇخلىشاتتى...

شۇنـداق، ئۇلار بىر ئۆيـدە ياشـىغان قىرىق يىل ئىـچىدە قاتـتىق - يـىرىك گەپ قىلىشقان، بىر بىرىـگە قىرىچە - يېنىچە تەككەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان، لېكىن شېرىن سۆزلەرنى قىلىشمىغان، "جېنىم، گۈلۈم" دېگەندەك سۆزلەرنى ئېھتىياتسىزلىقتىن بولسىمۇ ئېغىزغا ئېلىشمىغانلار، مەن بۇنىڭـغا ئىشىنىمەن، سەۋەبى مەن شۇنداقلار ئارىسىدا چوڭ بولغانمەن...

— مىراكا، — دىدىمەن ئۇلارنىڭ جىمجىت تۇرغانلىقىدىن پايـدىلىنىپ، — نىمىشقا بەرائاكام، نۇرى، تۇرى، خانـقىزلار ئەزنەم ئاپامغا ياخشى قارىمايدۇ؟ كەچكىچە سىزلا قارايسىز كەنغۇ؟

— بالا دىگەن شۇ، — دىدى ئۇ ئايىلىنىڭ پۇتى يېنىـدىكى ھەرە قونغان شاپاقـنى نېرى تېپىۋېتىپ، — بالىلىرىغا قارىۋالسا بولدى. ئون ئىككى يىل بولدى، ھەممىسىلا بۇنىڭدىن زېرىكتى. خانىمۇ ئانىسىنىڭ بېشىنى تاراپ قويمايدىغان بولۇۋالدى، نۇرى، تۇرىلارغۇ قۇيرۇق تۇتقۇزمايدۇ. "ھوي، ئاناڭلارنىڭ ئاستىنى ئۆگشاپ قويايلى، كېلىڭلار" دىسەم، بىر بىرىـگە بەس سالىدۇ، بۇ بىچارىگە تاماق يىگۈزۈپ قويۇشقىمۇ يارىمايدۇ. بولمىسا ئۇلار-نىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئانا باقـقان، ئۇيقۇسىدىن كېچىپ سوغاق بوشۇكنى قۇچاغلاپ يۈرۈپ، زاكىسىدىن ئايرىپ قاتارغا قوشقان. بالا دىگەن بىكويۇم بولىدىغان ئوخشايدۇ، بىزمۇ ئاتا - ئانىمىزغا قىلدۇدۇقمىكىن، ئۇتىنگە لاپقۇت بولۇۋاتامدىكىن تاڭ. بۇ بىچا-

رىنىڭ سول پۇت ـ قولى پالەچ بولغىنىنى بىلەن، گېلى ساق، ئىشتاھاسى ياخشى، ئۇيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيدۇ، پۇتۇن ياز بويى ھاپاچ قىلىپ چىقىمەن، كوڭلى تارتقان يەرلەرگە ئاپىردىمەن، ئۇستەڭ بويلىرى، دەريا ياقىسى، تېۋىلغۇلۇق، بەزىدە تېخى بۇنىڭ كىچىگىدە سېرىق چېچەك، كاككۇك گۈلى تەرگەن يەرلەرنى كورگۇسى كېلىدۇ، ماقۇل دەپ ھاپاچ قىلىپ شۇ يەرلەرگە ئاپىرىمەن، ئۇن ئىككى يىل بولدى، يارى، مېنىڭ ئەزنەم ئاپاڭنى كوتىرىپ يۇرگىنىمگە ئۇن ئىككى يىل بولدى!

ئەزنەم ئاپام تىترەپ تۇرغان ئوڭ قولى بىلەن يۇزىنى توساپ بۇقۇلداپ يىغلىدى، مىراكام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— يىغلىما، كىم ئولۇپ، كىم قالىدۇ، سەن نەدىن بىلىسەن؟ بۇ ئاپاڭ بۇ يىل قىشتىن چىقالمايمەن، يالغۇز قالىدىغان بولدۇڭ دەيدۇ قارا، توۋا، چۇشىگە ئايان بولامدىكىن يە بولمىسا.. بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىمدىن بىللە كەتكىنىم ياخشى مېنىڭ!...

مىراكامنىڭ قارا، دورداي كالپۇكلىرى تىترىدى. بىز جىمىپ قالدۇق.

— مىراكا! — دىدىمەن ئۇلارنىڭ ساداقىتىدىن ھاياجانلىنىپ، — ئېيتىڭا، سىلەر ياشلىغىڭلاردا تازا ئاشىق ـ مەشۇق بولۇشۇپ ئاندىن كېيىن توي قىلىشقانمۇ؟

— نىمە؟ ئاشىق ـ مەشۇق؟ نىمە ئۇ؟ دادام ئېلىپ بەرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايال بۇ، ئىككىمىز بىر ياستۇقتا باش قويغاندىن كېيىنلا "ئىسمىڭ نىمە؟" دەپ سوراشقان. ئاشىق-مەشۇق دەپ يۇرسەنغۇ تېخى!

چالغا چىڭداۋاتقان، قايراق قايراۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن چالغىچىلار تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

—ئېيتقانلىرىم راستمۇ قارياغاچ، شۇ كۈنى سېنىڭ تۇۋىڭدىن قايتقاندا نىمىنى ئويلىغان ئىدىم، بىلەمسەن؟

—ئېيتقىنىڭ توغرا، —دىدى قارياغاچ ئىغاڭلاپ قويۇپ.— نىمىنى ئويلايتتىڭ، مىرا بىلەن ئەزنەمنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى ئويلىغان ئىدىڭ. "ئۇلار بىر بىرىنى كورمەي، بىلمەي تۇرۇپ تويلاشقان بولسىمۇ، بىر بىرىگە قەدىردان، ئۇلۇغمىمۇ، تىرىگىمۇ سادىق ئەر-خوتۇن بولۇشۇپتۇ، مەن ئاۋۇ مەھەللىدىكى قىزىل كوينەك قىزغا كويگىلى نىكەم، مۇرادىمغا يەتسەم، مەنمۇ مىراكامدىن ئاشۇرۇۋېتىمەن!" دەپ ئويلىغان ئىدىڭ، راستمۇ يارى؟

راست، مەن شۇلارنى ئويلىغان ئىدىم.

بۇنىڭدىن يىگىرمە توت يىل ئىلگىرى، مەن ئون توققۇز ياشقا كىرگەن چېغىمدا، مۇشۇ قارياغاچ تۇۋىدە ئولتۇرۇپ تۇنجى مۇھەببەت ئازاۋىنى تارتقان ئىدىم. مانا بۈگۈن چاچلىرىمغا ئاق كىردى، مەن هازىر ئۇ چاغدىكى ساددا، ئاق كوڭۈل دىخان يىگىت ئەمەسمەن، هازىر كوڭلۇمدە نە مۇھەببەت، نە تۇرمۇش لەززىتىدىن ئىزنا قالمىدى، مەن هازىر يۈز ياشقا كىرگەن بوۋايدەك، ئوزەمنى خاتىرىگە باي ھىساپلايمەن. كورگەن-

لىرىم، كەچۇرگەنـلىرىم چاچ ـ ساقاللىرىمدىـكى ئاقتىنـمۇ تولا، مەن ئۇلارنى ئۇنتۇشنى خالايمەن، لېكىن تۇنجى مۇھەببەتنىڭ يۈرەككە چەكـكەن كەشتىسىـنى قەدىرلەيـمەن، ئۇنى قەۋرەمگە ئېلىپ كەتمەكچىمەن...

كەچ كۇزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى تەرىمنى تېزلا قۇرۇتتى، يىلـلار سوغىسى ــ قورۇق بىلەن بېزەلگەن سولغۇن ۋە غەمكىن يۈزۈمنى سىپىدى، خۇددى بۇرنۇمغا يىگىرمە توت يىل ئاۋالقى جانغا راھەت پۇراقلار ئۇرۇلغاندەك، قۇلـىقىمغا شۇ چاغـدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ خوشنا مەھەللىگە قارىدىم: مەنزىرە ئۆزگەرگەن، قورۇق تاملىق، قىزىل يوپۇرماقلىق باغ، تېرەكتىـكى قاغىلار، تونۇردا نان يېقىۋاتقان ئايال، سامان باسقان هارۋا ئۈستىدىكى ئاق مالەـ خايلىق يىـگىت...ئەسـتە قالغان خاتىرىـلەرنىڭ بۇ بەلـگىلىرى يوق، مەھەللە ئۆيلىرى ئۆتاش، ناھايىتى چوڭ كورۇندى...

نىمىشقا ماڭا بۇ خاتىرىلەر لازىم بولۇپ قالدى؟ نىمىشقا مەن بۇ كىچىككىنە ئىشنى ئۇنتالمايـمەن، بىر يىگىتـنىڭ بېشىـدىن بۇنداق ئىشلار كوپ ئۆتىدىغۇ، بۇنىڭ ئەسلىـگۇدەك قانچىلىك قىممىتى بار؟

بۇ سوئاللارغا ئۆزەمـمۇ جاۋاپ بېرەلـمەيـمەن. مەن بىرلا نەرسىـنى بىلـمەن: ئەسـتە قالغان نەرسە ساپ ئىـدى. مەن يېشىم چوڭايغاندا ساپلىقنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئوخشايمەن. مەن ئۆز ۋاقتىدا شۇ ساپلىقنى خورلىغان ئىدىمغۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

...ھەلىقى قىزىل كوينەكلىك قىزنىڭ ئىسمى ھورلىقا ئىدى. مەن ئۇنى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن تەشكىل قىلىنغان يېزىلىق سانايى نەپىسە ئەترىتىدە كورگەن. مەن ناخشا ئېيتالايتتىم، ئۇ قىز "ئوغرى پەدە"گە ئۇسۇل ئوينىيالايتتى. ئۇ نېپىز لەۋلىرىنى چىشلەپ، ئوت يېنىپ تۇرغان، ئۇزۇن كىرپىكلىك خۇما كوزلىرىنى نومۇسچانلىق بىلەن قاچۇرۇپ، تال چىۋىقتەك زىلۋا بويىنى ئېگىپ ئۇسۇل ئوينىغاندا، ۋۇجۇدۇم كاۋاپ بولۇپ كويەتتى. ئۇنىڭ ئىككى بىلىگىدىكى تۇچ بىلەيزۇك، بويىنىدىكى سېرىق كەھرىۋالار، قۇلىغىدىكى سوزۇنچاق، كوزى يوق تۇچ ھالقا ماڭا دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرىدەك بىلە-نەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىغا سىڭىشقان قىزىل كوينىگىنىڭ ئاددى گۇللەر كەشتىلەنگەن ئېتەكلىرى ماڭا مىچىت مېھرابىنىڭ نەقىش-لىرىدەك سىرلىق ۋە خىسلەتلىك بىلىنەتتى. ھورلىقا بار يەردە مەن مەگدەپ قېلىپ ناخشا ئېيتالمايتتىم. "ئامان بولسۇن، ئامان بولسۇن، ئەي..." دىگەن مىسرانى ئېيتىپ بولغىچە بەدىنىم قوغۇشۇندەك ئېرىپ كېتەتتى-دە، ماغدىرسىزلانغان ئاياقلىرىمنى ئارانلا يوتكەپ، تامغا يولەنگىنىمچە داق يەرگە ئولتۇرۇۋالاتتىم.

— ئېيتە، ھوي، بەزگىگىڭ تۇتۇپ قالدىمۇ؟

— ماناپ باخشىنى چاقىرايلىمۇ؟

— ھوي، نىمانداق قىزدەك نازۇك تولا نىمىسەن!

— ماڭ جۇگۇ، ئەركىلىگىڭنى ئاپاڭغا قىل!

مېنىڭ ھالىمنى ھېچكىم بىلمەيتتى. پەقەت ھورلىقالا مېنىڭ

نىمىشقا ھالسىزلانغىنىمنى بىلەتتى ۋە ئۇيىدىن چىقىپ كېتەتتى، مەن ئۇ يوق يەردىلا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ناخشامنى تۈگىتە-لەيتتىم...

بىراق ئۇچرىشىش قىسقىلا بولدى. ھورلىقانى ئاپىسى سانايى نەپىسگە ئەۋەتمىدى.

مانا شۇنىڭ بىلەن بىللە مېنىڭ دەردىم كوپەيدى، كېچىلىرى ئوگزىگە چىقىۋېلىپ ئايدىڭدا ناخشا ئېيتىدىغان، خوشنا مەھەل-لىگە پات-پات بارىدىغان، ھورلىقالارنىڭ ئۇيىنى ئەگىيدىغان بولۇپ قالدىم...بەخت مېنى يېزامدىن ئايرىدى. مەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بارىدىغان بولدۇم. مەھەللە يوللۇقلىرى — توقاچ، قاق، قۇرۇت، ياغلىق، پىششىق تۇخۇم قاتارلىقلار ئىرگۇلۇغا لىق تولدى. قېرى-ياش، ئۇرۇق-تۇققان، خولۇم-خوشنىلار مېنى توپا يول بىلەن ئۇزىتىپ مەھەللە سىرتىدىكى زەرەتكارلىققىچە كەلدى. چوڭلار دۇئا بەردى، ياشلار ئاق يول تىلىدى. مەن بۇ يېزىدىن تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭغان بەختلىك يىگىت سۈپىتىدە ئاشۇنداق داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىلدىم.

مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى ئۇرۇكلۇك باغنىڭ يېنىدا ھارۋىنى ھېيىزەم سىكىلەك دەيدىغان چوكان توستى، دادام ھارۋىنى توختاتتى، ھېيىزەم سىكىلەك كوك ياغلىقتىن ئىككى خالتا چىقاردى.

— ماۋۇ مېنىڭ يوللۇغۇم! — دىدى ئۇ لوڭگىدىن تىكىلگەن خالتىسىنى سۇنۇپ، — ماۋۇ ھورلىقانىڭ ساڭا قىلغان يوللىغىكەن!

ھورلىقانىڭ؟ — دادام ھەيران بولۇپ سورىدى، — قايسى قىز ئۇ؟

— سەن بىلمەيسەن ئىكرام چوڭ دادا، — دېدى ھېلىقى ھەمراھىم ماڭا كۆز قىسىپ قويۇپ، — يازىلار بىلەن بىز 4 - سىنىپتا رايوندا ئوقۇغاندا بىز بىلەن بىللە ئوقۇغان قىز. ئۇنىڭ قالما يارى، خەت ياز جۇمۇ!

— مېنى كۈتسۇن، — دېدىم مەن ئاستا پىچىرلاپ، — كوردىم، قانچىلىك كۈتەلەيدىكىن تاڭ...

ھارۋا ئىككى يېنىغا چايقىلىپ بىر خىل رىتىمدا كېتىپ باردۇ. مەن ھورلىقانىڭ خالتىسىنى تېخىلا تۇتۇپ ئولتۇردۇم. دادام غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىغاندا، دادامغا كەينىمنى قىلىپ تۇرۇپ خالتىنى مەيدەمگە باستىم، كۆزلىرىمگە سۈرتتۈم، سويدۇم... گويا قۇچىقىمدا خالتا ئەمەس، ھورلىقانىڭ ئۆزى تۇرغاندەك، بەدىنىم ئوت بولۇپ ياندى. مەن ئۆز ئۆزەمگە ۋەدە بەردىم: "خەت يازىمەن، خەت بىلەن بىللە سىز ئۈچۈن كويۇۋاتقان يۈرىكىمنىڭ ئاۋازىنى، ئارزۇسىنى، ھەسرىتىنىمۇ ئەۋەتىمەن، مېنى ئۈچ يىل كۈتۈڭ، توتىنچى يىلى بىز بىللە بولىمىز، مەڭگۈ بىللە بولىمىز!..."

لېكىن ۋەدەمدە تۇرمىدىم، ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئىككى قېتىم خەت يازدىم، ھورلىقا بەش قېتىم خەت يازدى. يېرىم يىلدىن كېيىن مەن تانسا ئۆگەندىم. دادامدىن پات - پاتلا پۇل سوراپ - دىغان بولدۇم. ئۇلار تاپقان - تەرگىنىنى يالغۇز ئوغلىغا ئەۋە-

تىشتى... بىر يىلدىن كېيىن مەن ھورلىقانى ئۇنتۇدۇم. ئۇنىڭ ماڭا تۇتقان يوللۇغى ئىچىدىن ئىككى غۇنچە ۋە بىر جۈپ كېپەنەك كەشتىلەنگەن ساغۇچ چۇنچەن ياغلىق چىققان ئىدى. ئىسىل بايلىغىم قاتارىدا ساقلاۋاتقان بۇ ياغلىقنى بىر يىلغا قالمايلا تۇتۇپ كىر قىلدىم. تانىدا تونۇشقان لەتىپە ئىسىملىك چىرايلىق چوكان بىر كۈنى مېنى مازاق قىلىپ:

— سەھرا سوغىسى ھە، — دىدى ئۇ قولياغلىقنى يېيىپ كۆرۈپ، — ھىلىمۇ ئىنساۋىڭىز باركەن، بىر يىل ساقلاپسىز، مەن دەسلەپ يۈرگەن يىگىتىمنىڭ سوغا قىلغان شارپىسىنى بىر ئايدىن كېيىنلا سىڭىللىرىمغا بېرىۋەتكەن! — دىدى.

ئۇنىڭ بۇ سوزى ماڭا بىر خىل ساداقەتسىزلىك ئالامىتى بولۇپ بىلىنگەن ئىدى، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ئاشۇ كىشى قەدرىنى بىلمەيدىغان ئايال مېنىڭ قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى. مەن ھورلىقانى تامامەن ئۇنتۇدۇم، لەتىپە ماڭا ئاياللار ئەرلەرگە تەقدىم قىلىدىغان ھوزۇر-ھالاۋەت سوغىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۇندى. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى مەن دادامغا: "ۋەسلىڭنى سېتىپ بولسىمۇ بەش يۈز سوم جايلاپ ئەۋەتكىن، مەن ئۆيلىنىمەن" دەپ خەت يازدىم. دادام بىلەن ئاپام دىگىنىمدىن ئاشۇرۇۋەتتى ۋە ئۆزلىرى كېلىپ تويىمىزنى قىلىپ قويىدى. ئەمما يېرىم يىلغا قالمايلا لەتىپە مېنى تاشلىدى. ماڭا قارىتىپ تۇرۇپ بىر كومىسسىيونچى پۇلدار بىلەن تېپىشىۋالدى...

شۇ يىلى مەن ئايىلىم بىلەن ئاجرىشىپ يېزىمىزغا باردىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېنى يۇرتداشلىرىم ئۆي بېسىپ مېھمان قىلدى. قايتار ۋاقتىمدا ھېپىزەم سېكىلەكنىڭ يولدىشى ئۆيىگە چاقىردى. كەچتە ھېپىزەم ماڭا:

ــ ھورلىقا سېنى تېخىچە كۈتۈۋاتىدۇ، بۇ يىل يىگىرمىگە كىردى، بۇ ئەتراپتا ئەڭ چوڭ قىز شۇ. تالاي ـ تالاي لايىقلارنى قايتۇرۇۋەتتى، ــ دېدى.

ــ ئەمدى قاملاشمادۇ، مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ...

ــ ئاڭلىدى، ئۆيلەنگىنىڭنى، كېيىن ئاجرىشىپ كەتكىنىڭنى ئاڭلاپمۇ يەنە سېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

مېنىڭ يۈرىكىمدە كونا ئوتلار يەنە پىلىلداشقا باشلىدى. لېكىن مەن ئۇ چاغدا كادىر، ھورلىقا دېخان تۇرسا، بۇ قانداق بولىدۇ، ئالماس پىچاقنى ياغاچتىن دەستە بىكىتكەندەك بىر ئىش بولامدۇ؟

ــ قولۇم ئۈزۈك، ــ دېدىم مەن ھېپىزەمگە، ــ بىر يىل پۇل يىغاي، ئاندىن كېيىن كورمەيمىزمۇ!

بىر يىل ئەمەس، توپ ـ توغرا بەش يىل ئۆتتى. مەن دادامنىڭ نامىزىغا داخىل بولالماي، يەتتىسىگە ئۈلگۈرۈپ ئۈرۈمچىدىن كەلدىم.

مەن بۇ چاغدا ھورلىقانى تامامەن ئۇنتۇغان، ياشلىقىمدا بىر دېخان قىزىغا ئاشىق بولغىنىمنى ئېقرار قىلغۇمۇ كەلمەيدىغان ھالدا ئىدىم؛ ھازىر مېنىڭ «تاللاپ تۇرۇپ» ئالغان چىرايلىق، ئوقۇمۇشلۇق ئايالىم ۋە بىر بالام بار. بەختىمگە

يارىشا، كىچىك بولسىمۇ ئەمىلىمۇ بار ئىدى. بۇنداق ۋاقىتتا مەن ھورلىقانىڭ ھالىنى سورايتتىمۇ؟ مەن ئايىلىم بىلەن دادامنىڭ قىرقىنى بەرگىچە يېزىدا تۇردۇم، قايتار چاغدا يېزا سوغىلىرى يەنە ھارۋامغا تولدى، مەن مەھەللىنى ھارۋىغا ياندىشىپ پىيادە مېڭىپ كېسىپ ئۆتتۇم. ھېپىزەم سېكىلەكنىڭ ئىشىگى ئالدىدىن ئۆتكەندە، ھېپىزەم ياغلىقىنى پۇلاڭلىتتۇدى، مەن ھارۋىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزەم يالغۇز قالدىم. ھېپىزەم مېنى ھويلىسىغا باشلاپ كىردى ۋە ماڭا بىر قوزىنى كورستىپ:

—بالاڭغا ئاتىغىنىم، ئال، رەنجىمەن، ھېچ بولمىسا غورۇ-دىن ئېپچىقىپ بىرسىگە بېرىۋەت!—دىدى ئاچچىق بىلەن. مەن قوزىنى يېتىلەپ مېڭىۋىدىم، ئۇ ماڭا ياندىشىپ مېڭىۋېتىپ، ماڭا بىر خالتا سۇندى.

—بۇ نىمەڭ ھېپىزەم؟

—سورىمايلا ئالغىنا،—دىدى ھېپىزەم يەرگە قاراپ،—يەنە شۇ ھورلىقانىڭ خالتىسى، بىچارە تېخىچە تالالىق بولمىدى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئەلچى كىرىشمۇ توختىدى، سىزنىڭ بالاڭنى قۇچاغلاپ تاراملاپ ئېقىپلا كەتتى؛ بىچارىنى ھەجەپ داغدا قويدۇڭغۇ تاڭ، ئۇقۇشقا بارمىغان بولساڭمۇ شۇ بىچارىنىڭ بەخ-تىگە ئولتۇرمىغان بولاتتىڭ. قانداق قىلىسەن، ساڭمۇ تەس، گۇلىگە گۇل، خالىغا خال بولسۇن دەپلا كادىر قىزنى ئالدىڭ-دە. ئۇ ئەمدى ئومۇر بويى ئەرگە تەگمىسگۇدەك...

خۇددى ھارۋىدىكى ئايىلىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هودۇقۇپ، هارۋىنىڭ كەينىدىن قوزىنى سورەپ يۈگرىدىم. ئايىلىم مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ هارۋىغا چىقاردى، هارۋىكەش قوزىنى جايلاشتۇردى. ئايىلىم يىراقتا قالغان باراخسان يېزامنى كورسىتىپ:

— هەجەپ ئاق كوڭۈل ئادەملەركىنا! — دىدى.

خىيالىم ئۈزۈلدى. خۇددى چولدىن قامغاق دومىلىنىپ كېلىۋاتقاندەك، بىر دۈپ-دۈگىلەك مەڭگەن دوۋىسى ئالدىمىغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. مەڭگەنىنىڭ توۋەن تەرىپىدە ئىككى مەزمۇت ئاياق كورۇنۇپ تۇرمىغىنىدا ئىدى، مەڭگەن ئۆزى مېڭىپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى كىشى. مەڭگەن مېنىڭ يېنىمدا توختىدى ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۈستىۋې-شىغا مەڭگەنلەر چاپلىشىۋالغان بىر بوۋاي چىقتى. ئۇ ئاپپاق قاشلىرى ئاستىدىكى ئوچۇشكە ئاز قالغان شامدەك پىلدىرلاپ تۇرغان كوزلىرىنى ماڭا تىكتى-دە:

— يارىمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مىرا دادا! — مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى سوزدۇم.

— چېكەمسەن؟ — دىدى ئۇ قولۇمنى بوشلا تۇتۇپ قويۇپ، — بىر چەكتۇرگىنە!

— مەن ئۇنىڭغا موخۇركا بۇراپ تۇتقۇزدۇم. ئۇنىڭ بېلى مۇكچەيگەن، ئەمما تېنى ساق ئىدى، ئېسىمۇ خېلى جايىدىكەن. ئۇ تاماكىنى ئىككى شورىۋېلىپ چوڭقۇر "ئۇھ" تارتتى-دە:

— خوتۇندىن تەلىيىڭ كەلمەپتۇ-ھە، — دېدى ماڭا قاراپ، — قويۇۋەتتىڭما؟

— ھەئە.

— ئىنساپسىزلىق قىلدىمۇ؟ بوپتۇ، ئىنساۋى يوق خوتۇنىنىڭ بارىدىن يوقى ياخشى...

يۈرىكىم "جىغ" قىلىپ قالدى، ئائىلەمنىڭ ئىشلىرى مۇشۇ بوۋايلارنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەنمىدۇ؟ خىزمىتىم، مەنسۇۋدىم بار ۋاقتىدا دۇنيادىكى ھەممە شېرىن سوزلەرنى قىلىپ "ساداقەت" ئىزھار قىلغىنى، بېشىمغا كۈن چۈشۈپ ناھەق جازاغا ئۇچرىغاندا ئۇستۇمدىن شىكايەت قىلغىنى، ئۈچ بالىنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلماي خېتىنى ئالغىنى ۋە بىر ئايمۇ كۈتمەستىن بىر بويتاق مەنسەپدارنىڭ قېرىلىقىغا قارىماي ئۇنىڭغا "چۈشۈپ" ئالغىنى... مۇنۇ يۇرت قېرىلىرىغا مەلۇم بولغانمىدۇ ھە!...

— ئەزنەم ئاپاڭ ئوبدان ئايال ئىدى-دە، — دېدى مىراكام موخوركىدىن قاتتىق شوراپ، — ئۇ دۇنياغا تېزرەك بارسام، تاڭلا مەھشەرگادا كورۇشسەم دەپ ئالدىرايمەن يارى. ئاڭلىغانسەن، بىزنىڭ بەرامۇ توگەپ كەتتى. توت بالىنى توپپا ئاستىغا كومدۇم، لېكىن بۇنىڭغا "ئەلھوكمۇلىللا"، بەرگەن ئىگىسى ئالدۇ دىدىم. شۇنداقتىمۇ ئەزنەم ئاپاڭنى ئۇنتالمايمەن، ھەر سەھەرلىكى قەۋرىسىگە بېشىمنى قويۇپ يىغلايمەن، ئۇن ئۈچ يىل ھاپاچ قىلىپ يۇرۇپ، ئۇ نىمىجان بىلەن مۇڭداشقان، سىرداشقان ئىدىم، لېكىن بىر يېرىم كەملا تۇردىدۇ، قانمىدىم، يەنە ئۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىل ھاپاچ قىلىپ يۈرگەن بولسام، يۈرىكىم قانارمىدىكىن تاڭ...
مىراكام كوز يېشى قىلدى، ۋاپات بولغىنىغا يىگىرمە نەچچە يىل بولغان ئايىلىغا نۇرى تۆكمىگەن-خۇنۇك كوزلىرىدىن ساپ ياشلارنى ئاققۇزدى...
— ھازىر كىم قارايدۇ سىزگە مىرا دادا؟
— كىم بولاتتى؟ خوتۇن، — دىدى ئۇ كىر ياغلىغى بىلەن كوزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — جامائەت تەرىتىمگە سۇ بەرسۇن دەپ بىر موماينى چېتىپ قويۇۋىدى، ئۇ ئەمدى مىنىڭ گەجگەمگە مىندى، ئوتۇن توشۇتۇۋاتقان، سۇ ئەكەلدۈرۈۋاتقان، ھەتتا ئوچاقنىڭ كۈلى، ئوينىڭ يۈندىسى، ئىچىم-بېرىم، ئوتنە-يېرىم دىگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى مىنىڭ ئۈستۈمدە. خۇدايىم تىلىگەننى بەرمەيدىكەن، بىزار بولغاننى تاڭدىكەن، ئىگىسى ئوزى بىلىدۇ، نىمە تارتقۇلۇغۇم باركىن تاڭ...
— نىمىشقا قويۇۋەتمەيسىز؟
— قايسى يۈزۈم بىلەن قويۇۋېتىمەن يارى؟ — دىدى بوۋاي قاپ-قارا، دورداي كالپۇكلىرىنى تىترىتىپ، — ئەزنەم ئاپاك دائىم ماڭا: مەندىن كېيىن قالساڭ بىر موماي ئېلىۋال، ئۇ سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلسا، سەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلارسەن ناھايىتى، دەيتتى. بۇ مومايىنىڭ خىزمىتىنى قىلمىسام، قارا يۈز بولۇپ كېتىمەن يارى...
ئۇ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن ئارانلا تۇردى ۋە ھىلىقى مەگگەننى راسا قولتۇقماش قىلىپ دۇمبىسىگە تېڭىپ، مەزمۇت ئاياقلىرى

بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

مەن بىردە ھورلىقانىڭ مەھەللىسىگە، بىردە مىرا بوۋايىغا قاراپ، ئۇزاق تۇردۇم. بۇلار ھاياتتا نىمانچە ساپ كۆڭۈل بىلەن قارايدىغاندۇ؟ مىراكامنىڭ ۋاپادارىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى ئۈچۈن ئۆلگىچە جاپا تارتىشقا رازى بولغانلىغى، ھورلىقانىڭ "مېنى كۈتسۇن، كورەرمەن، قانچىلىك كۈتەلەيدىكىن تاڭ" دىگەن سۆزۈمنى يۈرىگىدە چىڭ ساقلاپ، توپ-توغرا ئوتتۇز ياشقا كىرگىچە مېنى كۈتۈشى، ئاخىر مەن تۈرمىگە كىرىپ، "ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپتۇ" دىگەن سۆز قۇلىغىغا يەتكەندىن كېيىنلا بەش بالىسى بار بىر بويتاق ئادەمگە كوزىنى يۇمۇپلا تېگىپ كەتكەنلىكى... پاكلىق، ساپلىقنىڭ ئالامىتىغۇ؟

مەن ھازىر ھېچنىمىگە مۇھتاج ئەمەسمەن، ئەملىم، پۇلۇم بار، سالامەتلىكىم يامان ئەمەس، ئەمما قىرىق نەچچە ياشلىق ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ئەمەل، پۇل، سالامەتلىك بايلىق ھىساپلانمايدۇ، ھايات ساپ ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى. ئەقىل ئىگىسىنىڭ ھاياتتىن ئىزلەيدىغىنى ساپلىق. ياشلىغىمدا ئۆزەم چورۇۋەتكەن نەرسىلەر ئەمدى مەن ئۈچۈن تۇتىيا بولۇپ قالدى. ھاياتلىق دىگەن ساپلىق ۋە ساداقەتنى ئىزلەش بولسا كېرەك. بۇ نەرسىلەر نەدە؟ كىتاپتىمۇ ياكى ئۆزىنى ساپ ۋە ساداقەتلىك قىلىپ كورسىتىدىغانلارنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىدىمۇ؟ مەن ئويلايمەن: بۇ نەرسىلەر توپا-چاڭغا كوپرەك مىلەنگەنلەر ئىچىدە. چۈنكى ئالتۇنمۇ تاغلارنىڭ يالتىراق چوقىلىرىدا

ئەمەس، قېلىن توپىنىڭ ئاستىدا-دە...

—راست ئېيتىسەن يارى، —دېدى قارىياغاچ مېنى ئۈزدەتىپ، —توپا دۇنيادا ئەڭ خورلىنىدىغان نەرسە، لېكىن پاكىزە نەرسە ئاشۇ توپا. توپا مېنى ئۈچيۈز نەچچە يىل كۆكلەتتى. كىم بىلسۇن، يەنە نەچچە يىل كۆكلىتىدۇ تېخى. ساپ ۋە سادىق نەرسە ئىزدەپ كەلگەن بولساڭ، توپىنى سوي، داڭگالنى قۇچاغلا، تۇغۇلغىنىڭدا سېنى پاكىز بولسۇن دەپ سېنىڭ بەدەنىڭنى توپىلىغان، شۇڭا سەن ئۇ چاغدا پاك ئىدىڭ. لېكىن سەن ئەتىر سوۋۇن، يۈز مېيىغا ئوخشاشلارنى بەدىنىڭگە كوپ سۈرتۈپ، ساختىلىشىپ قالدىڭ. بارغىن، توپىدىن ياسالغان ئۆيلەردە يات، توپىدىن ياسالغان تونۇرنىڭ نېنىنى يە، توپا ئارىلاشقان لاي سۇنى ئىچ، توپا چىقىپ تۇرغان كىگىزلەردە قورۇنماي يات، شۇ چاغدا پاكىز ۋە ساپ بولىسەن...

1963-يىل غۇلجا — 1981-يىل، بېيجىڭ.

ساداقەت

(ھېكايىلەر)

زوردۇن سابىر

مەسئۇل مۇھەررىر: خوجائابدۇللا ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1983 - يىل 8 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى

1983 - يىل 8 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.26 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# 忠　诚

（短篇小说集）

（维吾尔文）

左尔东·萨比尔著
责任编辑：霍加阿不都拉
民族出版社出版　新华书店发行
民 族 印 刷 厂 印 刷

开本：787×1092毫米1/32　印张：5 1/2
1983年8月第1版
1983年8月北京第1次印刷
印数：0001—10,500册 定价：0.26元
书号：M10049（4）154

封面设计：王琮



书号 M10049(4) 154
定价 0.26元